# بالىلارنى ئىلمىي تەربىيەلەشنىڭ

# 69 خىل ئۇسۇلى



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

بالىلارنى ئىلمىي تەربىيەلەشنىڭ 69 خىل ئۇسۇلى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەنۋەر قاسىم

ISBN 978-7-5372-5784-8

定价：18.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بالىلارنى ئىلمىي تەربىيەلەشنىڭ

# 69 خىل ئۇسۇلى

تەرجىمە ئاساسىدا تۈزگۈچى : مۇھەممەد تۇداجى


شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

教孩子的69招：维吾尔文 / 吐尔达吉编译. — 乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2014.8
ISBN 978-7-5372-5784-8

Ⅰ. ①教… Ⅱ. ①吐… Ⅲ. ①家庭教育-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①G78

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第275956号

书　　名：教孩子的69招
策　　划：西尔尼江·艾沙
编　　译：吐尔达吉
责任编辑：哈斯亚提·依不拉音
责任校对：早热古丽·司迪克
封面设计：艾尼瓦·卡森木
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：乌鲁木齐光大印刷有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2014年8月第1版
印　　次：2014年8月第1次印刷
开　　本：880×1230毫米　1/32开本
印　　张：7.25
书　　号：ISBN 978-7-5372-5784-8
印　　数：1—3000
定　　价：18.00元

---

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001

# كىرىش سۆز

بالا تەربىيەلەشنىڭ ئۇسۇلى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، بىراق بالىلارنى ئۇرماي ـ تىللىماي ئىلمىي تەربىيەلەش ناھايىتى مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە، ئۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە بىۋاسىتە تىپىك خاراكتېرگە ئىگە.

كونىلاردا: «دەرەخنى پۇتاپ تۇرمىسا ياغاچ بولماس، بالىلارنى ئۇرۇپ تۇرمىسا ئادەم···» تېخى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «كالتەكتىن ۋاپادار ئوغۇل چىقىدۇ» دېيىشىپ، ئۆزىچە بالىلارنى ئۇرۇپ ـ تىللاشنى يوللۇق ۋە ئۇنى بالا تەربىيەلەشنىڭ «قائىدىسى» قىلىۋېلىشقان، شۇڭا، بالىلارنى ئۇرۇپ ـ ھاقارەتلەشتەك بۇ خىل فېئوداللارچە مۇستەبىتلىك تەربىيەلەش قالدۇقلىرى ھېلىھەم تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

يېقىندا مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەسئۇلى يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن سىنىپقا كىرىپ ئوقۇغۇچىلاردىن: «ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى ئۇرامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟» ماۋزۇسىدا ماقالە يېزىشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، ھەتتا مەكتەپتىكى ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ئۇرىدىغانلىقىنى يېزىپ، سەۋەبلىرىنى بولسا ھەر خىل كۆرسىتىپ، ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىگەن. بۇنىڭدىن مەيلى قانداق سەۋەب بولسۇن، بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھازىرغىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە، «تەن جازاسى» غا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قەدىردان ئاتا ـ ئانىلار، بالىلار ئۆزىمىزنىڭ يۈرەك پارىسى،

ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنى يۇرىكىمىزگە تېڭىپ، كۆتۈرۈپ، ئەركىلىتىپ، مۇھەببەت ۋە غەمخورلۇق ئاتا قىلغان قول، ھالبۇكى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى يوقىتىپ، بالىلارنى ئۇرىدىغان «جازا» ھالىتىگە ئايلىنىپ قاپتۇ؟ ئايانكى، مۇنداق ئائىلە زوراۋانلىقى ئاستىدا ياشاپ، قورقۇنچلۇق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بالىلار چوڭ بولغانسېرى جۈرئەتسىز، باشقىلارغا ئەيمىنىپ قارالمايدىغان، ئۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان، دادىل سۆزلىيەلمەي كىكەچلەيدىغان، ئېھتىياجىنى بىلدۈرەلمەي ئوغرىلىق خاھىشلىرىنى سادىر قىلىسا، زەخمىلىنىپ مېيىپ بولۇش، قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەي زەئىپ ۋە كەمتۈك چوڭ بولۇش ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئاچچىقىدا ئۆزىنى باسالماي بالىلارنى ئۇرۇپ بولۇپ كېيىن پۇشايمان قىلىشىدۇ. بىراق، ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇنداق «سەپراسى» ئۆرلەپ ئۆزىنى تۇتالمىغان ئەھۋالدا يەنە شۇ قولىنى قايتا ئېگىز كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلاردىن نىمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىغاندا، گەپ ئاڭلىمىغان شۇ بالىلارنى تەربىيەلەشتە تەن جازاسى بېرىشتىن باشقا ئۇسۇلنى تاپالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. مانا ئەمدى «بالىلارنى ئىلمىي تەربىيەلەشنىڭ 69 خىل ئۇسۇلى» نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بالىلىرىمىزنىڭ ساغلام، قابىللاردىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار ئۇشبۇ كىتابنى ئوقۇپ، «تەن جازاسى بېرىش» تىن چېكىنىپ چىقىپ، «گەپ ئاڭلىمايدىغان بەڭباش» بالىلارنى ئاتا ـ ئانا مېھرى بىلەن يۇغۇرۇلغان قائىدە ئارقىلىق يۇمشىتىپ، نىمىنىڭ ھەق، نىمىنىڭ ناھەق، نىمىنى قىلىش، نىمىنى قىلماسلىقنى ئۆگىتىشى لازىم.

ھازىرقى زاماندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى ئوقۇپ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئۇرۇپ ـ تىللايدىغان ياكى بالىلىرى ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان «ئائىلە زوراۋانلىرى» بولماستىن، بەلكى بالىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈشى ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كۆڭۈللۈك سورۇن ھازىرلاپ بېرىدىغان ئاتا ـ ئانىلاردۇر. پەقەت مۇشۇنداق ئاتا ـ ئانىلارلا بىردىنبىر ئۇلۇغ، لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانىلاردۇر. پەقەت مۇشۇنداق ئاتا ـ ئانىلارلا ۋەتەن موھتاج بولغان، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئوغلانلارنى ۋە ئۇلارغا يار ـ يۆلەكتە بولىدىغان تەڭرىتېغىنىڭ گۈزەللىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ.

مەزكۇر كىتاب مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭ چىقارغان لۇچىن خانىمنىڭ «بالىلارغا تەن جازاسى بەرمەي تەربىيەلەشنىڭ 100 خىل ئۇسۇلى» دېگەن كىتاب ئاساسىدا، دىيالېكتىك ئىنكار قائىدىسى بويىچە 69 خىل ئۇسۇلغا يىغىنچاقلىنىپ تۈزۈلدى. ئۇ بالىلار بىلەن تەگىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، بالىلار بىلەن سىردىشىشنىڭ ئاچقۇچى، بالىلارنى قەدىرلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش چارىسى ··· قاتارلىق مەلۇم تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ كەڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ، پېئونېر يېتەكچىلىرىنىڭ ئوقۇشلۇقى ۋە تەربىيەلىنىش قوللانمىسى بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلار بىلەن ساغلام، كۆڭۈللۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا، بالىلارنى يېتەكلەش ۋە تەربىيەلەش ئاساسىدا تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىز باسارلارنى تەربىيەلەپ چىقىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەن ئويلىغاندەك نەتىجىگە ئېرىشىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


1. بالىلارنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئەۋزەل مۇھىت يارىتىش ............ 1
2. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ھەقىقىي ئۈلگىسى بولۇش ............ 5
3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلىنىش ............ 8
4. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بالىلار بىلەن سۆزلىشىش ............ 11
5. ئۆزىنى بالا ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ مەسىلىلەرگە قاراش ............ 14
6. بالىغا ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ............ 16
7. كىبىرىنى تاشلاپ، بالىغا ئىشىنىش ............ 18
8. بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىش ............ 20
9. بالىلارنى ئۆزلۈكىدىن ئوي ـ پىكرىنى ئاشكارىلاشقا ئىلھاملان ـ
دۇرۇش ............ 23
10. تەكلىپ ـ پىكىرلەر بالىلارنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق ............ 26
11. بالىلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش ............ 29
12. بالىنىڭ «كىچىك تىلى» ئاستىدىكى سۆزىنى چۈشىنىش ............ 31
13. بالىلارنى ئەيىبلەش سۆزى ئۈستىگە «شېكەر» يالىتىش ............ 34
14. كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقىدىنمۇ پايدىلىنىش ............ 37
15. بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ ئۇنى پەرۋىش قىلىش ............ 40
16. بالىلارغا كۆيۈنۈشنىڭ ئۆلچىمى ............ 43
17. ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى ئۆزگەرتىش ... 46
18. بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش مىزانى ............ 49
19. باشقىلار ئالدىدا بالىلارنى كۆپرەك ماختاش ............ 53
20. بالىنىڭ «ۋاپاسىزلىقى»نى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ............ 56
21. يېتەكلەش كۆپرەك، تىزگىنلەش كەمرەك بولۇش ............ 59
22. بالىغا ئۆزى قارار چىقىرىش ھوقۇقى بېرىش ............ 62
23. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا قائىدىلىك سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىش ... 65

24. باللاردىن توغرا ئۇمىد كۈتۈش ...... 67
25. تۆرمۈشنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىدىن باشلاپ كۆيۈنۈش ...... 70
26. بالىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈش ...... 73
27. بالىنىڭ ئىشىنى ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ...... 77
28. قاتماللىقتىن ساقلىنىپ تەبىئىيلىككە ئېتىبار بېرىش ...... 81
29. بالىنىڭ «ھۆكۈمرانى» بولماسلىق ...... 84
30. بالىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ...... 87
31. بالىنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىش ...... 91
32. بالىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەركىن ۋاقىت يارىتىپ بېرىش ...... 93
33. ئىما ـ ئىشارە بىلەن ئۈلگىلىك بالا ئوبرازىنى تىكلەش ...... 97
34. بالىنىڭ زىيادە تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىش ...... 100
35. بالىنىڭ «تاپتىن چىققان» ئالاھىدىلىكىنى قولىلاش ...... 104
36. «ۋاپاسىز بالا» بىلەن تىركەشمەسلىك ...... 108
37. بالىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماسلىق ...... 111
38. بالىنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىشىگە يول قويۇش ...... 114
39. مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ بالىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە
ياردەم بېرىش ...... 118
40. بالىنىڭ ئۆزىنى قوغداشنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ...... 122
41. بالىنىڭ بىلىم ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈش ...... 126
42. باللارغا ناچار كەيپىياتىنى چەكلەشنى ئۆگىتىش ...... 130
43. بالىنىڭ ھېسسىيات بۆلۈنمىسىنى يېتىلدۈرۈش ...... 134
44. باللارنى ئەپۇ قىلىش بىلەن يول قويۇشقا ئۆگىتىش ...... 138
45. ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، كەمتەر بولۇش ...... 142
46. باللارنى قايتا ئويلىنىشقا يېتەكلەش ...... 146
47. مۇكاپاتلاش بىلەن چارە كۆرۈشنى تەڭ تۇتۇش ...... 149
48. باللارنىڭ غەيرىيگە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى قوغداش ...... 153
49. باللارنى قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە يېتەكلەش ...... 156
50. بالىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ...... 159
51. ساغلام خاراكتېر بىلەن ئالىيجاناب روھنى يېتىلدۈرۈش ...... 162
52. ئەخلاقىي پەزىلەت ـــ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تۇنجى


www.uyghurkitap.com

قەدىمى ································ 165
53. بالىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ··· 168
54. بالىلارنىڭ دوست تاللىشىغا ياردەملىشىش ·········· 171
55. بالىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قەيسەر ئىرادىگە موھتاج ········· 175
56. بالىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش ·········· 179
57. يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ·········· 183
58. بالىلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشىگە ياردەم بېرىش ·········· 186
59. بالىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يېتىلدۈرۈش ········· 190
60. بالىلارنى يالغانچىلىقتىن چەكلەپ، سەمىمىيەتچىلىككە
ئۈندەش ································ 192
61. بالىنىڭ ساداقەتمەن، ۋاپادارلىقىنى مۇستەھكەملەش ·········· 194
62. بالىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ·········· 198
63. بالىنى ئەمگەككە قاتناشتۇرۇپ تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىتقۇزۇش ··· 201
64. ۋاقىت — بالىلارنىڭ بايلىقىغا ئايلانسۇن ·········· 204
65. بالىلارنى ئاددىي ـ ساددا، ئىقتىسادچىل تەربىيەلەش ········· 208
66. مەنمەنچىلىكتىن خالىي، كەمتەر بولۇش ·········· 212
67. ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان قورقۇنچاقلىقنى يېڭىش ·········· 215
68. بالىنىڭ بولمىغۇر «سەپرا» مىجەزىنى ئوڭشاش ·········· 218
69. توغرا پۇل قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش ·········· 221

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1. باللارنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئەۋزەل مۇھىت يارىتىش

شىۋېتسىيە پېداگوكى ئالان ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: مۇھىت ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەۋزەل مۇھىت باللارنىڭ توغرا ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇنەۋۋەر پەزىلىتىنىڭ ئاساسى.

«مېڭ ئانىنىڭ ئۈچ قېتىم كۆچۈشى» ھېكايىسى تارىختىن بۇيان، كىشىلەر تەرىپىدىن پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشنىڭ كلاسسىك ئەسىرى دەپ قارىلىپ كەلدى. ئۇ نۆۋەتتە ھازىرقى زامان ئائىلە تەربىيەسىدە ئۆرنەكلىك رول ئوينايدۇ.

مېڭزى جۇڭگونىڭ يېغىلىق دەۋرىدىكى سىياسىيون ۋە مۇتەپەككۇر، كۇڭزى تەلىماتىنىڭ ۋارىسى.

مېڭزى باللىق چېغىدىلا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئانىسىنىڭ تەربىيەلىنىشىدە چوڭ بولىدۇ. ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئورۇن قەبرىستانلىققا يېقىن بولۇپ، مېڭزى ئۇ يەردە دەپنە قىلىۋاتقانلاردىن يەرلىكىدە قويۇش، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى: «بۇ ئورۇن باللارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا پايدىسىز ئىكەن» دەپ ئويلايدۇ ـ دە، ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئائىلىسىنى شەھەرگە يېقىن بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بۇ جاي قۇشخانىغا يېقىن بولغاچقا مېڭزى دائىم ئۆلتۇرۇۋاتقان كالا ـ قويلارنىڭ مۆرەشلىرى ـ مەرەشلىرىنى، قاسساپلارنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى يەنە «بۇ جايمۇ باللارنى تەربىيەلەشكە لايىق ئەمەس ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ئائىلە-

سىنى مەكتەپكە يېقىن بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مېڭزى بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ئەدەپلىك سالام بىرىشلىرىنى، رەتلىك تىزىلىپ مېڭىشلىرىنى، كوللېكتىپ پائالىيەتلىرىنى ··· كۆرۈپ ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. مېڭزىنىڭ ئانىسىمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «ھە! مانا مۇشۇ جاي بالىلارنى تەربىيەلەشكە لايىق ئىكەن» دەپ خاتىرجەم بولىدۇ. مېڭزى بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، ئاخىرى بىر ئەۋلاد تەپەككۇر ئالىمى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

يېڭى كۆچۈپ بارغان جاي مېڭزىنى توغرا ھەۋەس، قىزىقىش بىلەن تەمىنلەپ، ئۆسۈپ يېتىلىشكە توغرا ئىدىيە ۋە پسىخىك ئاساس يارىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنىڭ بالىلار ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە بالىلارنى ئەيىبلەپ دۇرۇس يولغا يېتەكلەيمەن دەپ ئاۋارە بولماي، ئەقلىي كۈچىنى بالىلارنى ئۆسۈش مۇھىتىغا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشكە قارىتىشنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بالىلار ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە قەدەم قويغانغا قەدەر، مۇتلەق كۆپ ۋاقىتتا ئائىلە شارائىتىدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بالىلارنىڭ ئىش ئۇقمايدىغان گۆدەك مەزگىلى بولغاچقا، ئائىلە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىر ئىش، مەيلى ياخشى ياكى ناچار بولسۇن بالىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارنىڭ دوراپ ئۆگىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى بىز ئويلىغاندىنمۇ يۇقىرى، شۇڭا بالا تەربىيەلەۋاتقان ھەربىر ئاتا ـ ئانا ھەرىكىتىگە، ئەتراپتىكى مۇھىتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شارائىتنى ھازىرلاپ بېرىشى لازىم:

## 1. ئەۋزەل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مۇھىتى يارىتىش

ئەۋزەل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مۇھىتى ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدە دېموكراتىك، باراۋەر، ئۆزئارا كۆيۈنىدىغان، ئىناق تۇرمۇش مۇھىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچى بارلىق پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى، ئوخشاش كۆيۈنۈشى، بىرسىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىرسىنى چۈشۈرمەسلىكى، ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەرنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ناخشا توۋلاش، ھېكايە سۆزلەش، ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق ئائىلىۋى كوللېكتىپ پائالىيەتلىرىنى دائىم قارارلىق ھالدا ئېلىپ بېرىشى لازىم.

## 2. ياخشى ئەقىل - پاراسەت مۇھىتى يارىتىش

ياخشى ئەقىل - پاراسەت مۇھىتى پاكىز، رەتلىك، كۆركەم ھەم كىتاب ئوقۇش، بىلمىگەن مەسىلىلەرنى سوراش قاتارلىق ئىلمىي تەجرىبە مەشغۇلاتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق شارائىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. قائىدىلىك مۇھىت بەرپا قىلىش

قائىدىلىك مۇھىت بالىلارنىڭ ۋاقتى - قارايىدا ئورنىدىن تۇرۇش، چېنىقىش، قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق شارائىتنى كۆرسىتىدۇ.

بالىلارنىڭ ۋاقتى - قارايىدا تاماق يېيىش، قارارلىق يۇيۇنۇش، تەرەت قىلىش، ئۇخلاش، ئەمگەك، تېلېۋىزور كۆرۈش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۈچ ياشتىن ئاشقان بالىلار ئۆسمۈرلەر پىروگراممىلىرىنى ئاساس قىلىشى، كۆرۈش ۋاقتىنى بالىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشى شەرت. ئادەتتە ئۈچ ياشتىن تۆۋەن بالىلار كۈنىگە 10 مىنۇت كۆرسە، ئۈچ ياشتىن ئاشقان بالىلار كۈنىگە 20 ~ 30 مىنۇت

كۆرسە مۇۋاپىق. باللار تەدرىجىي ئۆسكەندىن كېيىن ئۇلارغا يەنە پۇلنى قانداق خەجلەشنى، قانداق تېجەشنى، قانداق ساقلاشنى، كىتاب ۋە ئەقلىي ئويۇنچۇق سېتىۋېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىش لازىم.

## 2. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ھەقىقىي ئۈلگىسى بولۇش

ئۈرنەكلىك رولىنىڭ كۈچى چەكسىز بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلارغا بېرىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ، ئائىلە ـــ بالىلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي تۇرمۇش ۋە تەربىيەلىنىش سورۇنى، ئاتا ـ ئانا بۇ تەربىيەلىنىش سورۇنىنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆز ـ ھەرىكىتى بالىلارنىڭ ئۆگىنىدىغان، دورايدىغان ئۈرنىكى، سانىسىزلىغان ئەمەلىي پاكىتلار بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھەرىكەت ئادىتىنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەرىكىتىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، ئانچە گەپ ئاڭلىمايدىغان بالىلارغا نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانا ئىش ـھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ، تەسىر كۈچى ئارقىلىق ھەربىر قەدەمدە ئۇلارغا ئۈرنەك بولۇشى لازىم. مەسىلەن: ئاپىسى بەش ياشلىق ئوغلىنىڭ باشقىلارنىڭ بەرگەن سوۋغىتىنى ئېلىپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگىنىنى كۆرۈپ دەرھال كۈلۈپ تۇرۇپ بالىسىغا: «ئىمران! باشقىلارنىڭ سوۋغىتىنى ئالغاندا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىدىڭمۇ؟» دەرۋەقە بەش ياشلىق ئىمران ئۆزىنىڭ نېمە دېيىشىنى ئاڭقىرالمايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئاپىسى مېھمانغا: «بالام ئىمرانغا سوۋغات بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، مەن ئىمرانغا ۋاكالىتەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن!» دېگەندە، ئىمران ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ھۆرمەت ئىپادىسىنى بىلدۈرمىگىنىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن نازلىنىپ تۇرۇپ: «رەھمەت ھاما (تاغا)» دەپ ئىپادە بىلدۈرىدۇ.

www.uygurkitap.com

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا 80% تىن ئارتۇق بالىلارنىڭ ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ بالىغا بولغان تەسىرىنىڭ 43.1% ، دادىسىنىڭ بالىغا بولغان تەسىرىنىڭ 37.6% ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىلىم بېرىدىغان ئۇستازى ۋە ئۆمۈرلۈك تەربىيەچىسى، بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا ئۈلگىلىك رول ئويناپ، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكەتتە ئۆرنەك بولۇشى لازىم. بۇنىڭدا ئاتا ـ ئانا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئۈلگە كۆرسىتىشى مۇۋاپىق:

**1. سۆز ـ ھەرىكەتتە ئۈلگە بولۇش**

سۆز ـ ھەرىكەت چوڭ مېڭە تەپەككۇرىنىڭ نەتىجىسى، ئۇ يەنە قايتىپ چوڭ مېڭە تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىلارنىڭ سۆز، تەلەپپۇزىغا دىققەت قىلىشى، سۆز ـ تەلەپپۇزىدا نۇقسانلىق بولسا، بالىلارنىڭ تۈزىتىشىگە ۋاقىت بېرىشى لازىم. دېموكراتىك، قائىدىلىك ئىناق تۇرمۇش بولغاندىلا، ئاندىن ئىز باسارلىرىمىز سۆز ـ ھەرىكەتتە ئەدەپ ـ قائىدىلىك، مەدەنىيەتلىك يېتىشىپ چىقالايدۇ.

**2. يېيىش، كىيىش، ئىشلىتىشتىمۇ ئۈلگە بولۇش**

ھازىرقى يالغۇز پەرزەنتلەر ئەركە چوڭ بولغاچقا، يېيىش، كىيىش، ئىشلىتىشتە «تاللىق باققا كىرىپ» ئۆزى خالىغانچە ئىش كۆرىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچىمۇ بالىلار ئۈچۈن قانچىلىك پۇل خەجلىسە، شۇنچە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق، ئۇلار مۇنداق ئەركە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ كېلىدىغا ئامراق، ھۇرۇن، ياسانچۇق بولۇشتەك ناچار ئىللەتلەرنى يوقىتىۋېتىشىنى ئويلىمايدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلەرنى ئاچ قويماي، توڭدۇرماي، كىيىم ـ

كىچەكلەرنى پاكىز كىيگۈزسەك، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق تېجەشلىك بولسا، ئاندىن پەرزەنتلەرنىڭ ئاددىي ـ ساددا، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

### 3. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىمۇ ئۈلگە بولۇش

ئائىلە شارائىتىدە، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا: كىرىڭ، ئولتۇرۇڭ، چاي ئىچىڭ، رەھمەت، ئۇزاتماڭ ··· قاتارلىق تەكەللۇپ ۋە ھۆرمەت سۆزلىرىنى كۆپرەك قوللانغاندا، ئۇنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ، كۆرۈپ قولىقى پىشقان بالىلارمۇ ئەدەپلىك چوڭ بولىدۇ.

### 4. كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنىشتىمۇ ئۈلگە بولۇش

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قېتىرقىنىپ ئەستايىدىل كىتاب كۆرۈشىنىڭمۇ بالىلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ، ئاتا ـ ئانا ئاڭلىق ئاساستا بالىلارنى يېتەكلەپ بىرلىكتە كىتاب كۆرۈپ بىرلىكتە ئۆگەنگەندە، شۇنداقلا كۆپرەك سوئال سوراپ، نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالغا چۈشەندۈرۈش بەرسە، بۇ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلىنىش

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشەنچى بالىلارغا مەلۇم جەھەتتىن بېسىم ئەپكېلىدۇ. بالىلارغا ئېتىبار بېرىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچلۈك رول ئوينايدۇ. تەربىيەلەش ئۈنۈمىدىن قارىغاندا ئىشەنچ بولسا بىر خىل تولۇق رىغبەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە مائارىپ شەكلى، ئائىلىۋى تەربىيەدە، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشەنچى بالىلارغا ئاتا ـ ئانا بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئىستىخىيەلىك ھالدا ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەيدىغان، تېخمۇ يېقىنلىشىپ، بىلمىگەنلىرىنى سورايدىغان، يۈرەك سۆزلىرىنى قورقماي ئىزھار قىلىدىغان جاسارەتنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلارغا بولغان چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ نىشانلىق ھالدا بالىلارنى تەربىيەلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ. ئەكسىچە بالىلارغا ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلىنسا، بالىلارنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇلىرى چەتكە قېقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە غۇرۇرى ئاجىزلىشىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان ئىشەنچىسى ئۇلارنىڭ بالىلارنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلىنىشىغا پايدىلىق.

بالىلارغا بولغان ئىشىنىش، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇش بالىلار ئۈچۈن نىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە نىمىنىڭ مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇلار ئاتا ـ

ئانىنىڭ تولۇق ئىشەنچى ۋە مېھرىبانلىقى ئىلكىدە، يىقىلغان يېرىدىن ئۆزى قوپۇپ، قەدەممۇقەدەم مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا، بالىغا تولۇق ئىشەنگىلى ۋە ئۇلارنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلانغىلى بولىدۇ؟

## 1. تەشەببۇسكارلىق بىلەن بالىلارغا يېقىنلىشىش

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى، مەن ئاتا ـ ئانىغۇ، دەپ بالىلارغا «قورۇق جازا» كۆرسەتمەستىن، بالىلار بىلەن كۆپرەك بىرگە «ئويىنىشى» لازىم. ھازىرقى زاماندا مودا بولۇۋاتقان نەرسىلەر، مەسىلەن: بالىلار ناخشىلىرى، ئۆسمۈرلەر تېلېۋىزىيە فىلىمى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلارنى بىرگە ئويناپ، بالىلار بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

## 2. بالىلار بىلەن كۆپرەك سىردىشىش

بالىلارغا كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىش، ھەرگىزمۇ قاپاق تۈرۈپ، قىلىشقا تېگىشلىك سۆزنى ئىچىگە يۇتۇۋالماسلىقى، شۇنداقلا بالىلارنىمۇ مۇشۇنداق خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە ئۈندەش، كۈندىلىك كەچۈرمىشلەرنى، پائالىيەت ۋە مەشغۇلاتلارنى سوراپ تۇرۇش، ئۆزى ئاز گەپ قىلىپ بالىلارنى كۆپرەك سۆزلىتىش، ئىلھاملاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىلھاملاندۇرۇش، بولمىغۇر ناچار ئىللەتنى قاپاق تۈرۈپ ياكى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ رەت قىلماي، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن خاتالىقنى سەۋرچانلىق بىلەن قائىدە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش لازىم.

## 3. بالىلارنىڭ «سۆزىنى» ئۆگىنىش

ئەگەر بالىلارنىڭ سىرداش دوستى بولماقچى بولسىڭىز، كۆپرەك ئۇلارنىڭ «سۆزى»نى ئۆگىنىشىڭىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئالدى بىلەن بىر قىسىم كونا، خوراپىي سۆزلەردىن ۋاز كېچىپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى سۆز، يېڭى بىلىملەرنى كۆپرەك

ئىگىلىگەندە باللار بىلەن ئۆزئارا سىردىشىش يولىنى كەڭرى ئاچقىلى بولىدۇ.

### 4. ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق

باللارنىڭ سىرداش دوستى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىڭىزنىڭ باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئۈلگىسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى «چېگرا» ھەرگىز خۇنۇكلىشىپ قالمىسۇن. خۇنۇكلىشىپ قالسا، باللاردا چوڭلارنى دورايدىغان بىر قىسىم نامۇۋاپىق خاھىشلار شەكىللىنىپ قالىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 4. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ باللار بىلەن سۆزلىشىش

باللارنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ تۇرۇپ سۆزلىشىش قارىماققا ئاددىي ھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باللار بىلەن ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم تەربىيە، ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن بالا تەربىيەلەشنىڭ سەۋىيەسىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. باللارغا بولغان ھۆرمەت، يېقىنچىلىقنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. باللار بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سۆزلىشىش ئېگىز تۇرۇپ، غادىيىۋېلىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈشتىن مىڭ ياخشى، شۇندىلا بالا ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئاتا ـ ئانا كۆڭۈلگە پۈككىنى بويىچە قاراتمىلىق ھالدا باللارغا ئەتراپلىق تەربىيە بېرەلەيدۇ.

يازنىڭ ئىسسىق تومۇزىدا ئېھسان پۇتبول ئويناپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمۈلگىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىدۇ ـ دە، توڭلاتقۇدىن چوكا مۇز ئېلىپ يەيدۇ. ئۇسسۇزلۇقى قانمىغاندىن كېيىن يەنە ئېلىپ يېمەكچى بولىدۇ. ئاپىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا چالۋاقايدۇ: «كۆپ يېسەڭ ئىچىڭ سۈرىدۇ، يېمە!» ئېھسان دومسايغان ھالدا: «ئىسسىقتىن ئۆلەي دېدىم، يەيمەن!» دەپ جېدەل قىلغىلى تۇردى. ئاپىسى بالىسىنىڭ گەپ ئاڭلىمىغانلىقىدىن ئاچچىقلىنىپ توڭلاتقۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالىدۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ ئاپىسى بىلەن تىركىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن قول

ياغلىقى بىلەن بالىنىڭ تەرلىرىنى سۈرتكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇلايىملىق بىلەن: «سەن قائىدە ئوقۇغان ياخشى بالا، ئاپاڭ سېنى تەرلىگەندە چوكا مۇزنى كۆپ يېسە، زۇكام داپ قالىدۇ، دېدى...» ئىھسان دادىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بايىقى جاھىللىقىدىن ئەسەرمۇ يوق مۇلايىملىق بىلەن: «ئاپامنىڭ مەن ئۇچۇن ياخشى بولسۇن دەۋاتقانلىقىنى بىلىمەن... » دېدى. دادىسى باش لىڭشىتقان ھالدا:

— ياخشى بالام، ئىسسىپ كەتكەن بولساڭ، بىر يۇيۇنۇۋېلىپ سالقىنلىغىن، — دېۋىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىھسان دادىسىنىڭ سۆزى بويىچە مۇنچىغا كىرىپ كەتتى .

مەلۇمكى، تورۇبا ئىچىدىكى سۇ، تورۇبىنىڭ ئىككى ئۇچى كۆپ پەرقلەنمىسە، ئىككى تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ. ناۋادا تورۇبىنىڭ بىر تەرىپى ئېگىز، يەنە بىر تەرىپى پەس بولسا، سۇ پەقەت پەس تەرەپكىلا ئېقىپ، بىر جايغا يىغىلىۋالىدۇ. ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ خۇددى شۇنداق، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بالىلار بىلەن سۆزلەشكەندە، بالا ئاتا ـ ئانا بىلەن تەڭتۇشلارغا ئوخشاش باراۋەر تۇرۇپ سىردىشالايدۇ. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بالا بىلەن سۆزلىشىش بالىنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇنۇمدار شەكلى. تۆۋەندە بىرقانچە خىل ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويىماقچى، سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ:

### 1. سۆزدە مۇلايىم بولۇش

بەزىدە ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنى باسالماي ئاچچىقلىنىپ قالىدۇ. قانچە ئاچچىقلانغانسېرى، زورۇرىيىتى بولمىغان سۆزلەر ئېغىزدىن چىقىپ كېتىدۇ. مۇنداق چاغدا تېخىمۇ دىققەت قىلىپ مۇلايىم بولۇشى زۆرۈر.

**2. گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئورانىغا دىققەت قىلىش**

باللارغا نىسبەتەن ئۇدۇللا ياكى توغرىسىغىلا ئېيتىلغان سۆزلەر گەرچە راست بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە باللارغا نىسبەتەن ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدۇ. شۇڭا باللارنىڭ ياش قۇرامىغا، كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ سۆز شەكلىنى بەلگىلەش تولىمۇ زۆرۈر.

**3. باللارنىڭ پىكرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاڭلاش**

ئائىلىۋى سۆھبەتكە باللارنىمۇ قاتناشتۇرۇش، مەيلى باللارنىڭ پىكرى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، بۇ بالىغا نىسبەتەن مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 5. ئۆزىنى بالا ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ مەسىلىلەرگە قاراش

بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى دائىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئوخشاش باللار ئالدىدا كىبىرلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ نوپۇزى، ئىناۋىتىنى ۋە كۆزقارىشىنى تىكلىمەكچى بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالماي ئۆزىنىڭ پىكرىنى مەڭگۈ توغرا، باللارنىڭكى خاتا، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش بالىلارنىڭ ئىپتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى، قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. ئاتا ـ ئانا بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەر مۇناسىۋەت سىردىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. باراۋەرسىزلىك ئاتا ـ باللار ئوتتۇرىسىدا ئوۋىيلا قارشىلىقنى، چەكلەشنى پەيدا قىلىپ، باللاردا گەپ ئاڭلىماسلىقنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانا ئۆزلىرىنى بالىلار ئورنىغا قويۇپ مەسىلىلەرگە قارىشى، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن باللارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىششى لازىم.

ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى باللار ئورنىغا قويۇپ مەسىلىلەرگە قارىغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر:

## 1. باللارغا داۋاملىق سەممىي بولۇش

باللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، قىلچە ساختىپەزلىك قىلىشقا بولمايدۇ. سەممىيلىك ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئۆز ھېسسىياتى ۋە ئىدىيەسىنى باللارغا نىسبەتەن كەڭرى ئاشكارىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. خىزمەتتە ئوۋايسىزلىقتا ئۇچراپ

روھىگىز چۈشكەندە، ئۆزىگىزنىڭ ئەپسۇسلانغانلىقىگىزنى، ئاچچىقلانغاندا ئۇنى يوشۇرغاندىن كۆرە ئاشكارىلاشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

## 2. چوڭلارنىڭ ئۆزۈمچە قارىشىدىن ۋاز كېچىش

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى چوڭلار دۇنياسىنىڭ چوڭلارغا، بالىلار دۇنياسىنىڭ بالىلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل دۇنيا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش لازىم. ئەگەر ئاتا ـ ئانا چوڭلار دۇنياسى بويىچە بالىلارغا قارىسا ياكى تەلەپ قويسا، چوقۇم نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپچىقىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا چوڭلار قارىشىدىن ۋاز كېچىپ «بالىلار دۇنياسى» بويىچە قاراش ۋە چۈشىنىش كېرەك.

## 3. ئۆزلىرىنى بالىلار ئورنىدا قويۇپ تەپەككۇر قىلىش

ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى ئوخشىمىغان ئورۇندا قويسا، ئوخشىمىغان مەنزىرىلەرنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئوخشىمىغان قاراش شەكىللىنىدۇ. بالىلارنىڭ مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆزلىرىنى دەرھال بالىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ مەسىلىلەرگە قارىسا، ئانالىز قىلسا، ئاندىن مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە بالىلارنى چۈشىنىش، بالىلار بىلەن بولغان مەنىۋى ئارىلىقنى قىسقارتىشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلارنىڭ مۇناسىۋىتى غوجايىن بىلەن قۇلنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىر خىل باراۋەرلىك، غەمخورلۇق ۋە ئىشىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. پەقەت ئۆزلىرىنى بالىلار ئورنىدا قويۇپ مەسىلىلەرگە قارىغاندىلا ئاندىن بالىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ گەپ ئاڭلىماسلىق خاھىشىنى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 6. بالىغا ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش

باللار باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنگەندىلا، ئاندىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئىپتىخارلىق ھېس قىلىش ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ساغلام ئادەملەر خاراكتېرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. باللار تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن شارائىتتا، ئۇلارنىڭ ئىپتىخارلىق ئېڭى بىخ ھالەتتە تۇرغانلىقتىن، ئوڭايلا تەسىرگە ئۇچرايدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا، ئۇلار «گەپ ئاڭلىماسلىق» ھەرىكىتى ئارقىلىق چوڭلارنىڭ سۆزىگە قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى باللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىشى، باللارنى تولۇق ھۆرمەتلىشى لازىم. بۇ باللارنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتىدا مۇھىم تەرەققىيات رولىنى ئوينايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار باللارنى قانداق ھۆرمەتلىشى كېرەك؟ تۆۋەندىكى بىرقانچە ئۇسۇلنى سىناپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ:

**1. باللار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل جاۋاب بېرىش**

ئەگەر بىلمىسە، دەرھال: «كەچۈرگىن، مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن، ئىككىمىز ئورتاق مۇزاكىرە قىلايلى!»، مۇنداق دېيىش ھەرگىزمۇ چوڭلارنىڭ باللار قەلبىدىكى ئوبرازىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

**2. باللارغا بەرگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش**

ئەمەلىيلەشمىسىمۇ، ئۇلارغا ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىش،

قولىقىنى يوپۇرۇۋالماسلىق كېرەك. بۇ بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى، ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**3. بالىلارنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاش**

چوڭلار بالىلار بىلەن باراۋەر بولۇشى، ئۆزىنىڭ پىكرىنى بالىلارغا مەجبۇرلاپ تاڭماسلىقى لازىم.

**4. بالىلارنىڭ شەخسىيىتىگە تەگمەسلىك**

ئاتا- ئانىلار بالىلارنى مەخپىي سىرلىرىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇرلىماسلىق، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاختۇرماسلىق لازىم، بۇ دېموكراتىك، ئىلمىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، شۇنداقلا بۇ يەنە بالىلاردا بىر خىل مۇستەقىل تۇيغۇنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**5. بالىلارغا قارىتا خالىغانچە پاسسىپ يەكۈن چىقارماسلىق**

«سەن ھەقىقەتەن دۆت ئىكەنسەن» دەپ باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماسلىقى، باشقىلار ئالدىدا ئابرۇيىنى چۈشۈرمەسلىكى لازىم.

بالىلارنى ھۆرمەتلەش بالىلارنىڭ گەپ ئاڭلىماسلىقىتەك خاھىشىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ مۇستەقىل خاراكتېرىنى، ئىجادچانلىقىنى، قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىقتەك روھنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق.

www.uyghurkitap.com

# 7. كىبىرنى تاشلاپ، بالىغا ئىشىنىش

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى كىبىرنى قويۇپ، بالىلارنى ھۆرمەتلىشى لازىم، باراۋەرلىك سالاھىيىتى بىلەن بالىلارنى ھۆرمەتلىگەندىلا، ئاندىن بالىلار بىلەن بىرلىكتە پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ.

ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلارنىڭ ئۆزئارا ئىشەنچىسى تەربىيە سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم تەرەپ، شۇڭا لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانىلار ھەرقاچان ئىشتا ئادىل، توغرا، سەمىمىي بولۇپ، بالىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى كېرەك. بالىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا بالىلارنى ئالدىماسلىق، بالىلار ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپمۇ ھايات ـ ماماتلىق، جىنسىي مۇناسىۋەت ··· قاتارلىق ئادەتتە چەكلەنگەن سوئاللارنى سورىغاندىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىش لازىم.

بالىلارنىڭ سەمىمىيەتسىزلىك قىلمىشىغا قارىتا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئىلگىرىكىدەكلا سەمىمىي، ئىشىنىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇشى، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىللەتتىن چوقۇم خالىي بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش، بالىلارغا ياۋاشلىق بىلەن نۇقسىنىنى تونۇشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى زۆرۈر:

### 1. بالىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە،

ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى، ھېسسىياتى ۋە قىلمىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئاشكارا ئىپادىلىسىلا بالىلارنى تەسرلەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

## 2. بالىلار ئالدىدا خاتالىقنى تونۇشقا جۈرئەت قىلىش

بالا تەربىيەلەشتە ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بىر قىسىم خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ خىل سەۋەنلىكنى بالىلارغا ئوبيېكتىپ ھالدا چۈشەندۈرسە، سەممىمي پوزىتسىيە بىلەن ھەل قىلسا، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىياندىن خالىي بولالايدۇ.

## 3. باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئۈلگە بولۇش

باشتىن ـ ئاخىرغىچە بىردەك ئۈلگە بولۇش دېگەنلىك مەلۇم ئىش ياكى مەلۇم ۋەقە يۈز بەرگەندە ھەممىسىنى ئوخشاش بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش دېمەكتۇر. شۇندىلا بالىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# 8. بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىش

ئاتا ـ ئانىلار دائىم: «بالىلار ھەرقانداق ئىشنى بىزگە دېمەيدۇ ـ دە» دېيىشىسە، بالىلار: «ئاتا ـ ئانىلار بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار ئاغزى بېسىقماي سۆزلىگەن بىلەن بىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمىز بىلەن كارى يوق» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بالىلار نۇرغۇن ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا دېگۈسى بولسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ.

رازىيە مىجەزى چۈس قىز، سەللا كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىش بولسا، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېتىپ ـ چېقىپ جېدەل چىقىرىدۇ. دائىم: «مېنى تۇغمىساڭ بوپتىكەن، ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى! مەن بۇ ئائىلىدىن چىقىپ كېتىمەن… » دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى كۆپ دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاتا ـ ئانىسىنى جىددىيلەشتۈرۈپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالىدۇ. بولۇپمۇ، ئاپىسى ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن مەلىكىگە ئوخشاش ئەركە ئۆسكەن بۇ گۆدەك قىزىنىڭ ئاغزىدىن ئۇ خىل «ئېغىر» سۆزلەرنىڭ چىققانلىقىدىن، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالىدۇ ۋە ئىلاجسىز مەكتەپتىن پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىنى تەكلىپ قىلىپ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىدۇ. پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ. ئەسلىدە ئاپىسىنىڭ تەربىيەلەش ئۇسۇلى خاتا بولغان. مەسىلەن: ئويۇنچۇق ئويناۋاتقان رازىيە زېرىككەنلىك ھېس قىلىپ، كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرغان ئاپىسىنى بىرگە ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بىراق ئاپىسى ئاچچىقلىنىپ «ماڭ! ماڭ! ئۆزۈڭ ئوينا!

ئالدىراشلىقىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟»دەپ سىلكىشلەيدۇ. رازىيە قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ، قولىدىكى ئويۇنچۇقلارنى يەرگە ئاتىدۇ. ئاپىسى تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ بېرىپ ئۇنى بىر تەستەك سالىدۇ. رازىيە يىغلاپ «ئۆيىنى بېشىغا كىيىدۇ». ئاپىسى ئىلاجىسىز ئۇنى بالىلار باغچىسىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ.

پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى رازىيەنىڭ ئاپىسىغا مۇنداق دەيدۇ:

— كىچىك بالىلارمۇ ئادەم، كۆپلىگەن مەسىلىلەردە سىز ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ، ئۇ چۈشەنسە پىكرىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىلگىرى سىزدە بالىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش كەمچىل بولغان!

ئاپىسى پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ شۇ بويىچە ئىش تۇتقاندىن كېيىن، رازىيەمدىكى ئىللەتلەرمۇ تېزدىن يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى باللار بىلەن كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇپ بەرسە، باللارمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى، ئالدىراش ئىشلەيدىغانلىقىنى توغرا چۈشىنىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان خاتا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ روھىي دۇنياسىنى قانداق چۈشىنىشى كېرەك؟

### 1. باللارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى بىلەن ھېسسىياتلىق، قىزغىنلىق ئاساسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشى، باللار سۆزلىگەندە، سۆزىنى بۆلۈۋەتمەي، تەنقىد قىلماي، باللار مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىشى، باللارنى ئۆزىنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىدىن تەسىرلەندۇرۇشى لازىم.

### 2. دائىم باللار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش

پەرزەنتلىرى بىلەن ئىدىيە جەھەتتىن پىكىر ئالماشتۇرۇش يالغۇز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باللارنىڭ ھەقىقىي ئويى، مەقسىتىنى

چۈشىنىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىپ، ئائىلىنىڭ بىر قىسىم يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشىغا پايدىلىق.

**3. باللارنى قانداق كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش**

ئەجدادلار: «كۆزنى روھىي دۇنيانىڭ تۈڭلۈكى دېسە، سۆزنى روھىي دۇنيانىڭ ساداسى» دەپ ئاتاشقان. باللارنىڭ سۆز ـ تەلەپپۇزى، ھەرىكىتى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، باللارنىڭ تاپشۇرۇقى، خاتىرىسى، سىزغان رەسىملىرى ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىنكاسى. ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى كۆرۈپ ئاز بولمىغان ئۇچۇرغا ئېرىشىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئاتا ـ ئانىلار ئاڭلىق ھالدا باللارنىڭ دائىم ئارىلىشىدىغان دوستلىرىنى كۆزىتەلەيدۇ.

**4. ئۇچۇر مەنبەسىنى كۆپەيتىش**

مەكتەپلەرگە كۆپرەك بېرىپ سىنىپ مۇدىرىدىن بالىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى، ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى، ئۇستازىنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى چۈشىنىشى لازىم، بۇ ئۇچۇرلار باللارنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باللارنى كىيىنچە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەربىيەلەشكە پايدىلىق.

# 9. بالىلارنى ئۆزلۈكىدىن ئوي - پىكرىنى ئاشكارىلاشقا ئىلھاملاندۇرۇش

كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ قېيداش، قارشىلىشىش پوزىتسىيەسىگە ئۇچرىغاندا، كۆپىنچە باشلىرىنى چايقاپ قېيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بالىلار زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، ئۇلار نېمىنى ئويلايدۇ، نېمە ئۈچۈن ئوچۇقىنى ئېيتمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىپ، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىش ھەربىر ئاتا - ئانىنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىسى.

كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلار بالىلار بىلەن يېقىن ئۆتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، بۇنداقتا ئۇلارنىڭ بالىلارنى ئۆزى ئۈمىد قىلغاندىكىدەك ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى قىيىنغا چۈشىدۇ.

بالىلار بىلەن سۆزلەشكەندە چوڭلار بىلەن سۆزلەشكەندەك ئەستايىدىل، مۇلايىم، ئىشەنچ نەزىرى بىلەن قاراش، بالىلاردىنمۇ سۆزلىگەندە ئۆزىگە قاراپ سۆزلەشنى تەلەپ قىلىش كېرەك، چۈنكى، كۆزنىڭ دەلمۇدەل ئۇچرىشىشىمۇ بىر خىل ئالاقە مۇناسىۋىتىدۇر.

بالىلار كۆڭلىدىكىنى سۆزلىگەندە، بەزىدە قىلغان سۆزلىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، ئاتا - ئانا بولغۇچى كۈلۈپ مەسخىرە قىلماسلىقى، ئەيىبلىمەسلىكى زۆرۈر. بالىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىشى، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى

تونۇتۇپ قويۇشى لازىم.

ئۇنداقتا باللارنى قانداق قىلغاندا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى سۆزلەتكىلى بولىدۇ؟

### 1. باللارنىڭ ـ سۆز ھەرىكىتىگە توغرا باھا بېرىش

باللار ياخشى ئىش قىلغاندا، ياخشىلىقى قەيەردە؟ خاتا ئىش قىلغاندا خاتالىقى قەيەردە؟ قانداق ئىشلىسە توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش.

### 2. باللار بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىش

ھازىرقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى «ئالدىراش»، ئانىسىمۇ ئالدىراش، دادىسىمۇ ئالدىراش، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئائىلىدىكى دائىملىق ئاساسىي سۆزى، باللارنى ئالدىرىتىپ سۆيلەش: «تېزرەك يۇيۇنۇۋال، تاماقىڭنى يە! دەرسىڭنى ئۆگەن، تاپشۇرۇقىڭنى ئىشلە!…»

مۇنداق جىددىي، ئالدىراشچىلىقتا، نەدىمۇ باللار بىلەن پاراڭلىشىشقا ۋاقىت بولسۇن؟ بىراق، باللار بىلەن پاراڭلاشمىسا، ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى قانداقمۇ بىلگىلى بولسۇن؟

باللار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ پاراڭلاشقاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگىلى، ئۇلارغا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ.

باللار خاتالاشقان شۇ دەقىقىلەردە كۆڭلىگە دەرھال ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەۋى سۆزلىرى تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى چەكلەش، تۈزىتىش كۈچى شەكىللىنىدۇ. خاتالىق قايتا سادىر بولمايدۇ ياكى تەكرارلانمايدۇ.

### 3. باللار ئۈچۈن بىخەتەر پسىخىك قورغىنى ھاسىل قىلىش

باللار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئارقىلىق باللارنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا تەسىر

كۆرسىتىۋاتقان ناچار ئامىلللارنىڭ زادى قايسى ئىكەنلىكىنى بىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا تەربىيە ئارقىلىق كۆڭۈلسىز ئىشلارنى سۆزلىتىپ ئۇلارنى ئۇنۇتقۇزۇش لازىم. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى چوقۇم باللار ئۈچۈن بىخەتەر پىسخىك قورغىنىنى ھاسىل قىلىپ، باللارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىگە ئايلىنىشى لازىم. شۇنداقلا يەنە مۇۋاپىق سورۇندا باللارنى ئۇنىلۇك سۆزلىتىپ، باشقىلار ئالدىدا قورقماي ئۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۈندەش كېرەك.

**4. ئەيىبلەپ تىلللاشنىڭ ئورنىغا قائىدە سۆزلەپ رىغبەتلەندۈرۈش**

بەزى باللار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن پاراڭلىشىشقا ناھايىتى ئامراق، بىراق شۇنداق ئىبگىز ئېچىش بىلەن رەت قىلىش، تىلللاشقا ئۇچراپ، بارا ـ بارا ئاتا ـ ئانىسىغا كۆپ سۆزلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ باللار بىلەن كۆپرەك سىردىشىش، كۆلۈمسىرەش، قۇچاقلاش ئارقىلىق باللارنىڭ قورقۇنچىسىنى تۈگىتىش لازىم.

www.uyghurkitap.com

# 10. تەكلىپ ـ پىكىرلەر بالىلارنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق

بالىلارنىڭ گۆدەك قەلبى ئوڭايلا زەخمىگە ئۇچرىغانلىقتىن ھەرقانداق قوپال تەربىيە شەكلى ئۇلارغا ئاسانلا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مۇلايىم تەكلىپ ـ پىكىرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش بالىلارنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن پايدىلىق.

مەلۇم بىر بالا گۈزەل سەنئەتنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا رەسىم سىزىشنى ئالاھىدىلىك قىلىپ، سودا ـ تىجارەت كەسپىگە ئىمتىھان بەر ـ دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. بالا چۈشەنمەي، نېمە ئۈچۈن ئارتۇقچىلىقىمنى ئاساس قىلمايمەن، دەپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى، سىنىڭ ئالاھىدىلىكىڭ خەتتاتلىق، رەسىم سىزىش ··· ماركا، رەسىملىك ئورۇنلار بىلەن سودا ـ تىجارەتتە ئۆزئارا ماسلاشسا ئىقتىدارىڭ تېخىمۇ ياخشى جارى بولىدۇ ··· دەپ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرىدا: «نېمىنى ئۆگەنسەڭ، ئەھمىيەتلىك، بولۇۋېرىدۇ، ئۆزۈڭ قارار قىل» دەپ ئىختىيارىغا قويىدۇ. ئاتا ـ ئانا مەجبۇرلىمىغاچقا، بالا تەكرار ئويلىنىپ سودا ـ تىجارەت كەسپىنى تاللايدۇ؛ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاخىرى نەتىجە قازىنىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا: «پالانچى كەسپنى ئۆگەن!» دېسە، بالا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن خاپا بولۇپ، بۇيرۇقنى رەت قىلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ. شۇڭا، مۇلايىملىق بىلەن: «سەن قانداق ئويلىدىڭ، سېنىڭچە قانداق قىلساق بولارا!» تەلەپپۇزىدا

تەكلىپ بېرىش، مەسلىھەتلىشىش بالىلار ئۈچۈن پايدىلىق.

ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا كۆپلىگەن ئائىلىلەردە بىر ياكى ئىككى پەرزەنت بار. ئۇلار ئەۋزەل تۇرمۇش شارائىتىدىن بەھرىمەن بولغاچقا، ئەركە، كەمسىز چوڭ بولغان. ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىچە خۇلقى ـ مىجەزگە ئىگە، تېرىككەك، ئوڭاي ئاچچىقلىنىش ئىللىتى بار. بۇ خىل خاھىشنى تۈزىتىش ۋە بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا زىيادە يان باسىدىغان، نېمە دېسە «ماقۇل» دەپ يول قويىدىغان پوزىتسىيەسىنى تۈزىتىشى كېرەك. ئەگەر بالا داۋاملىق «دېگىنىم ھېساب» دەيدىغان بولسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللىنىپ باقسا بولىدۇ:

**1. ھېسداشلىق، كۆڭۈل بۆلۈش ئۇسۇلى بويىچە بالىنىڭ رايىغا بېقىش**

بالىنىڭ ئۆسۈش جەريانى ئۇزۇكسىز ئۆگىنىش، كەمتۈكلۈكنى يېڭىپ داۋاملىق مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىش جەريانىدۇر. شۇڭا، بالىلارنىڭ مەسىلىسىگە نىسبەتەن ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، ئاچچىقلانماسلىقى لازىم. ئەكسىچە، چۈشىنىش، كۆڭۈل بۆلۈش شەكلى بويىچە بالىغا يول قويغان ياخشى. شۇندىلا ئاقىلانىلىك بىلەن قاراتمىلىقى بار ھالدا بالىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**2. بالىغا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەكلىپ بېرىش**

ئۈنۈملۈك تەكلىپ قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ تەكلىپى بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، رېئاللىققا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا تەكلىپ ئاندىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە، ئۈنۈمسىز تەكلىپ كۆپ بولسا، بالىنى ئوڭايلا بىزار قىلىدۇ.

## 3. بالىنىڭ تاللىشىغا، ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا تەكلىپ بېرىشى زۆرۈر. بىراق، چوقۇم ئىجرا قىلىسەن دېگەنلىك ئەمەس. چوقۇم ئىجرا قىلىسەن دېيىش، «تەكلىپ» بولماستىن «بۇيرۇق» بولىدۇ. شۇڭا، بالىلار تەكلىپنى قوبۇل قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، ئاتا ـ ئانا بالىلارغا بېسىم ئىشلەتمەي بۇرۇنقىدەكلا ھۆرمەتلىشى كېرەك.

## 4. بالىلارغا قائىدە چۈشەندۈرۈش

بالا خاپا قىلىپ يىغلاشتىن توختىغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭغا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق توغرىسىدا قائىدە سۆزلىشى، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىنىڭ يىغىسىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم.

## 11. بالىلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش

بالىلارنىڭ سۆز بىلەن ئىپادىلىيەلمىگەن ئىدىيەۋى تۇيغۇسىنى، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قېتىرقىنىپ ئاڭلاش ۋە ئىپادىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. بالىلارنىڭ ھەرىكىتىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىش ئارقىلىقمۇ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن ھەتتا ئىپادىلەشكە ئىنتىلمەكچى بولغان ئىدىيەۋى ھالىتىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بالىلار سۆزلىگەندە، ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشتىن سىرت، سۆزلىمەكچى بولغان ھەربىر تاۋۇش، ئاۋازىغا، چالا سۆز ـ جۈملىلىرىگە، قىينىلىپ ئىنجىقلاشلىرىغىچە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە دىققەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىش ياكى بولمىسا بەزى نەرسىلەرنى سوراش ئارقىلىق بالىلارنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىش، پەرقلەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىش لازىم.

بالىلارنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان سۆز ـ ھەرىكىتىگە قېتىرقىنىپ كۆڭۈل بۆلۈشتە ھالقىلىق مەسىلە ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆپ سۆزلىشىدە بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قېتىرقىنىپ كۆزىتىشى، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا باغلىق. لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانا بالىلارنىڭ سۆزىنى قېتىرقىنىپ ئاڭلاشقا، ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسى، ھۆرمىتى ئارقىلىق بالىلارنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ جەرياندا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى لازىم:

www.uyghurkitap.com

### 1. پۈتۈن دىققىتى بىلەن بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش

مۇشۇنداق قىلغاندىلا بالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە يول ئېچىلىدۇ. بالىلار ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قىزغىن سۆزلىشىدۇ.

### 2. بالىلار ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىش

بالىلار تۇرمۇشىدا، بولۇپمۇ بالىلار، بەزىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزلىشىشكە بەكمۇ ئېھتىياجلىق. بالىلار بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندە، ئۇخلاۋېتىپ ئەندىكىپ چۆچۈپ كەتكەندە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن تەسەللىي بېرىشىگە موھتاج.

### 3. بالىلارنى يۈرەكلىك سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش

بالىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشتىن سىرت يەنە: «ھە! سۆزلەۋەر، چۈشەندىم» دېگەندەك ئىلھاملاندۇرۇش سۆزلىرىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئاددىي سوئاللارنى سوراپ ئۇنى داۋاملىق سۆزلەشكە قىزىقتۇرۇش، سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەسلىك لازىم.

# 12. بالىنىڭ «كىچىك تىلى» ئاستىدىكى سۆزنى چۈشىنىش

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلار بىلەن ئەتىگەن - ئاخشىمى ئۇچرىشىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. ئەھۋالنى چۈشەنمىسە بالىلارنىڭ «گەپ ئاڭلىماسلىق» خاھىشىنى تۈزىتىش قىيىن، بۇنىڭدىكى ئۇنۇملۇك ئۇسۇل، ئالدى بىلەن بالىلارغا يېقىنلىشىش، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كۆڭلىنى ئۇتۇشتۇر، ئامېرىكىلىق مەشھۇر رىياسەتچى رېمىڭتون ئەپەندى ھەر كۈنى بىردىن كىچىك دوستنى زىيارەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر كىچىك دوستتىن مۇنداق سوراپتۇ:

— سەن چوڭ بولساڭ نېمە ئىش قىلماقچى؟

— ھە! مەن چوڭ بولسام ئايروپىلان ھەيدەيمەن! — دەپتۇ بالا ساددىلىق بىلەن.

— ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئايروپىلانىڭ تىنچ ئوكيان ئاسمىنىدا ئۇچۇۋاتقاندا توساتتىن موتورنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىسەن؟ — كىچىك دوست بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ ئاخىرى:

— مەن ئايروپىلاندىكى بارلىق خادىملارغا بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلىۋېلىشى تەلەپ قىلىمەن، ئاندىن پاراشوتنى ئېلىپ يەرگە سەكرەيمەن. بۇنى ئاڭلىغان نەق مەيداندىكى كىشىلەر كۈلۈپ تىلىقىپ كېتىشىدۇ. رېمىڭتون بالىنى داۋاملىق كۆزىتىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بالىنىڭ ئىككى كۆز چانىقى ياش

بىلەن تولدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ بالىنىڭ ئايروپىلان خادىملىرىنى تاشلاپ يالغۇز قېچىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بالىدىن ئىنچىكىلەپ سورايدۇ:

— نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسەن؟ — بالا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىغا ئاساسەن مۇنداق دەيدۇ:

— مەن سەكرەپ ئايروپىلان موتورىغا يېقىلغۇ ئېلىپ كەلمەكچى، يېقىلغۇ ئېلىپ كېلىپ، ئايروپىلاندىكى كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرماقچى!

پۈتۈن مەيداننى بىر پەس جىمجىتلىق ئالغاندىن كېيىن ئارقىدىنلا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرايدۇ.

رىياسەتچى رىمىڭتون ئەپەندىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، بىرىنچىدىن بالىنىڭ سۆزىنى تۈگىگىچە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، ئىككىنچىدىن، باشقىلار چاۋاك چېلىپ ۋارقىراپ - جارقىرىغاندىمۇ، يەنىلا سەۋرچانلىق، مۇلايىملىق بىلەن بالىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئىپادىلىشىگە ئىلھاملاندۇرۇش، ھەرگىزمۇ بالىنىڭ سۆزلىرىنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپلا، ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىقتا كۆرۈلىدۇ.

بىر بالا بىر دۇنيا. ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى، دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇسىنى بىلگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

### 1. بالىغا سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش

ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئۆز ئوي - پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشكە قىزىقتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بالىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىق، سەۋرچانلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش لازىم.

## 2. ئاڭلىغاننى ۋە ئوي - پىكىرلىرىنى بالىلارغا ئېيتىش

بالىلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى سۆزلەپ، ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇش لازىم.

# 13. باللارنى ئەيىبلەش سۆزى ئۈستىگە «شېكەر» يالىتىش

بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللارنى ئەيىبلەپ تەنقىد قىلغاندا، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاۋازى قانچە كۆچلۈك بولسا، بالا شۇنچە گەپ ئاڭلاپ ئېسىدە قالارمىش، ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خاتا تونۇشى، ئۇنداق قىلغاندا بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، يەنە بالىنىڭ قارشىلىشىش پسىخىكىسىنى قوزغايدۇ. نەتىجىسى بىز ئويلىغاندەك ياخشى بولمايدۇ.

ئامېرىكا پېداگوكلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تەن جازاسى بېرىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلدىن قىيىق كەتسە باللارنى ئەيىبلىشى بىرقانچە ئايلاردىن كېيىن ئۇلاردا پسىخىك مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

رازىيەنىڭ رويال چېلىۋاتقان قىياپىتى توغرىسىدا دادىسى پىكىر قىلسا، قىزى قايىل بولماي نارازى بولىدۇ، كەيپىياتى ياخشى بولمىغاچقا ئاتا ـ ئانىسى خاپا بولۇپ قىزىنى ئەيىبلەپ كېتىدۇ. قىزى رازىيە پىسەنت قىلماي ئاۋۋالقىدەكلا رويال چېلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ ئۈن ـ تىنسىز مەشىق قىلىۋېرىشىنى بىر خىل قارشىلىق بىلدۈرۈشى دەپ ئويلاپ، رازىيەنىڭ يېقىنقى بىرقانچە ئايدىن بۇيانقى نۇقسانلىقى، گەپ ئاڭلىمىغانلىق قىلمىشلىرىنى ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ۋە رازىيەنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ بۇزىدۇ. ئاخىرى رازىيە يىغلاپ، رويالنىمۇ مەشىق قىلغىلى ئۇنىمايدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

باللار ئادەتتە بىر خىل خاتالىقنى ئارقىمۇئارقىدىن سادىر قىلىۋېرىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ تەنقىدى ئەلۋەتتە زۆرۈر، بىراق پوزىتسىيەسى سەمىمىي بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە، ۋاقىرىسا، ھەتتا تېپىپ ـ ئۇرسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. شۇڭا، باللارغا كايىغاندا تۆۋەندىكى ئۇسۇلغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم:

**1. باللارنى ئۆزى ئويلاشقا، خاتالىقنى تونۇشقا يېتەكلەش**

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى باللارنى ئەيىبلىگەندە، سالماق ھەم سىلىقلىق بىلەن «سېنى بۇ يەرگە چاقىرتقىنىمنى بىلەمسەن؟» ياكى «ئۆزۈڭنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭ توغرىسىدا سېنىڭ ئويلاندىڭمۇ؟» دەپ باللارنى ئويلاشقا يېتەكلەش، خاتالىقنى ئۆزلۈكىدىن تونۇشقا دەۋەت قىلىش لازىم. بۇنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئەيىبلىگەندىن ئۈنۈمى ياخشىراق.

**2. سەۋەنلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا قويۇش**

بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللار ئويناۋېتىپ ئۇقۇشماستىن ھەمراھىنىڭ يۈزىنى تاتىلىۋەتسە دەرھال تىللاپ: «كىم سېنى ئۇنىڭ يۈزىنى تاتىلىسۇن دېدى، خەپ سېنى ئۇرمايدىغان بولسام!» دەپ پوپوزا قىلىدۇ. بالا بولسا قورقۇپ، قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلايدۇ. بالىنىڭ بىردەم ئويلىنىۋېلىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەيدۇ، بۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئائىلىدىكىلەر باللارنى تاتىلاشنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بالىنى ئويلاشقا ئۈندەش لازىم. مەسىلەن: «سەن باشقىلارنىڭ يۈزىنى تاتىلاپ قانىتىۋەتتىڭ، ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا سەن بولساڭ، يۈزۈڭ ئاغرىمىتى ـ ئاغرىمامتى؟...» بۇ خىل سوئال ئارقىلىق بالىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، ھەربىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش كېرەك.

### 3. ئەيىبلەشتىن كېيىن ئىلھاملاندۇرۇش

«ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا ئىشىنىدۇ. ياخشى ئىشلەيدىغان بولساڭ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلساڭ، چوقۇم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىسەن!…»

### 4. باشقىلارنى ماختاش ئارقىلىق بالىلارنى ئويغىتىش

مەسىلەن: بالا ئورنىدىن تۇرمىسا: «قارا بالام!» قوشنىمىز ئىمران ئالللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ يەسلىگە تەييار بوپتۇ، ئۆزىمۇ كىچىككىمەپتۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ دەخلى قىلماپتۇ، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى…

باللار ئادەتتە ماختىغانغا ئامراق. بۇ يېشى كىچىك سەبىي باللارغا ئۈنۈملۈك كېلىدۇ.

### 5) ئېغىر سەۋەنلىك كۆرۈلمىسە، باللارنى ئەيىبلىمەسلىك

ئەگەر باللارنى كۆرگەنلىكى ئىشقا ئەيىبلەۋەرسە، باللار مۇنداق ئەيىبلەشلەرگە كۆنۈپ قېلىپ پىسەنت قىلماسلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. باللاردا بەزەن نۇقسانلىق ئىپادىلەنسە، تەمكىنلىك بىلەن ۋاقتىدا تۈزىتىپ كۆرسىتىپ بېرىش، ھەرگىزمۇ چىچىلماسلىق، ئەيىبلەش بەك ئۆزىراپ كەتمەسلىك، ئىخچام، مەزمۇنلۇق بولۇشى، ناۋادا بالىدىكى بەزى سەۋەنلىككە نىسبەتەن دەرھال ئاچچىقلىنىپ، تىللاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئاخىرىدا يەنە چوقۇم يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن نۇقسانلىقىنى ئوبىيېكتىپ ھالدا چۈشەندۈرۈش كېرەك.

# 14. كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقىدىنمۇ پايدىلىنىش

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىشى ھەمدە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىشى لازىم. ھەربىر بالىدا بىر خىل تۇغما يۇقىرىغا، يېڭى نەرسىلەرگە ئىنتىلىش ئىقتىدارى بولىدۇ. بالا بىرەر قىيىن ئىشقا ياكى نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىغا دۇچ كەلسە، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭغا: «سېنىڭ باشقىلاردىن كەمتۈك تەرىپىڭ يوق! باشقىلار قىلالىغاننى سەنمۇ قىلالايسەن··· » دەپ ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. بۇ خىل ئىچكى قوزغىتىش ۋە ئىلھام بالىلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان شىجائەتنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بالىلار كەپسىز بولغان ھالدىمۇ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇش، ھەرگىزمۇ بىر قىسىم ئادەمدەك «ئاخىرقى زامان بولدى، جىن ـ شەيتان ئاپقاچىدۇ···» دەپ بالىنى قورقاتماي، ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ، بولۇپمۇ ئارتۇقچىلىقىنى تېپىپ ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق تەربىيە بېرىش لازىم.

مەلۇم بىر يەسلى ئوقۇتقۇچىسى خاتىرىسىگە بالا تەربىيەلىگەنلىك توغرىسىدا مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: يەسلىدە ئەركىن ئىسىملىك بىر كىچىك دوست ناھايىتى كەپسىز بولۇپ، دائىم بىر قىسىم بولمىغۇر قىلىقلار بىلەن ئەتراپتىكىلەرنى بىزار قىلىدىكەن، كىچىك دوستلارمۇ دائىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلىدىكەن ھەم بىرگە ئوينىمايدىكەن. ئوقۇتقۇچى ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەرگىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئەركىن كۆپ قاتناشمايدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى يېتەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى پەقەت نەتىجە چىقماپتۇ.

بىر قېتىم دەرستىن سىرتقى پائالىيەتتە: ئەركىن يوق، ئۇياق ـ بۇياق ئىزدە، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. بىرەر ئىش تېرىغانمىدۇ، دەپ ئوقۇتقۇچى قورقۇپ كېتىپتۇ. كېيىن سۈرۈشتۈرسە: كىچىك دوستلارنىڭ ھاۋا ئىسسىپ تەرلىگەنلىكتىن سېلىپ قويغان كىيىملىرىنى پائالىيەت ئۆيىگە توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەۋەبىنى سورىسا، دوستلىرىنىڭ كىيىملىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئوقۇتقۇچى دەرھال بۇ تەربىيەۋى نۇقتىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ پۈتۈن سىنىپ يىغىنىدا: «سىلەر سېلىۋەتكەن كىيىم ـ كېچەك قانداقسىگە پائالىيەت ئۆيىگە كىرىپ قالدى؟ بىلەمسىلەر؟ كىچىك دوستلار چۇرۇڭدىشىپ جاۋابىنى تاپالماپتۇ. ئوقۇتقۇچى كۈلۈپ تۇرۇپ بۇ ئىشنى ئەركىننىڭ قىلغانلىقىنى ئېيتقاندا، بالىلار چاۋاك چېلىشىپ كېتىپتۇ. كىچىك ئەركىننىڭ يۈزىگىمۇ كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ.»

كېيىنكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا، مەقسەتلىك ھالدا ئەركىننى ماختاپ رىغبەتلەندۈرۈپتۇ، كىچىككىنە ئىلگىرىلەشنى سەزگەن ھامان ئۇنى «ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپتۇ» ھەمدە ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچى ۋە بالىلارنىڭ ئۇنىڭدىن بىزار بولماي، ئەكسىچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

بالىلار ئازراق نەتىجىگە ئېرىشكەندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە قوللىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بالىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ دىلى ئازار يېگەندە، بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزنى ۋە ياردەم بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن:

**1. بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش**

ئاتا ـ ئانا كۆڭلىدىن چىقىرىپ بالىلارنى ماختاشنى بالىلارنى ھەقىقەتكە، مېھرىبانلىققا، گۈزەللىككە يېتەكلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى قىلىش؛ بالىلارنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا، بالىلارنىڭ كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقىنىمۇ قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ، ناچار ئىللەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ پىلتىسى قىلىش كېرەك.

**2. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى بايقاش**

ئادەم تۇرلۇك خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. گۆدەك، سەبىي بالىلار تېخىمۇ شۇنداق. بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، مەيلى ئېغىر ياكى يېنىك بولسۇن، ئاتا ـ ئانا سالماق بولۇشى، بالىسىنىڭ خاتالىششىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىشى كېرەك. ئەگەر بالا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلسا ياكى ئازراقلا ئىجابىي تەرەپلىرى بولسا، ئالدى بىلەن ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىش، ئىلگىرىلەش يولىنى چۈشەندۈرۈش، مۇشۇ ئاساستا بالىنى توغرا يولغا يېتەكلەپ پىسخىك ئازرۇسىنى قاندۇرۇش لازىم.

**3. ئۇنىڭغا باشقا بالىلاردىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش**

پىسخولوگىيە پەنلىرى بۇرۇنلا ئىسپاتلىغان: بالىلار قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ تەقدىرلەشكە ئېرىشكەندە، بالىلارنىڭ ئىشەنچ پىسخىكىسى كۈچىيىدىكەن. ئەگەر بالا كۆپرەك مەغلۇپ بولسا، ئازراق نەتىجە كۆرۈلگەن ھامان ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ماختىسا، بالىلارنىڭ ئىشەنچىسىمۇ ئوخشاشلا كۈچىيىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 15. بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ ئۇنى پەرۋىش قىلىش

بالىلارنىڭ ئۆسۈش جەريانى ئۇلارنى داۋاملىق كۆزىتىش جەريانى، بۇ جەريان بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆزىتىپ بايقىشىغا ئېھتىياجلىق. ئېلىمىز پېداگوكى تاۋ شىڭجى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ پۈتۈن سىرى ئۇلارغا ئىشىنىش ۋە ئۇلارنى ئازاد قىلىش، بالىلارغا ئىشىنىش ۋە بالىلارنى ئازاد قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۇلار بىزنىڭ ئۇلارنى بايقاپ بىلىشىمىزگە موھتاج».

ھەربىر ئادەم باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىنى، ھېسداشلىق بىلدۈرۈشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بالىلار نەتىجىگە ئېرىشكەندە، ئۇ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز خۇشاللىقىغا شېرىك بولۇشىغا، مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا پەيتنى چىڭ تۇتۇپ شارائىت يارىتىپ، مۇۋاپىق تەبرىكلەش لازىم.

بىر ئون ياشلىق ئوغۇل بالا ناخشا چولپىنى بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى: «سىنىڭ ئاۋازىڭ ياخشى ئەمەس، ياخشىسى ناخشا ئېيتمىغىن» دەپتۇ. ئۇ كۆڭلى يېرىم ھالدا ئائىلىسىگە قايتىپ، ئاپىسىغا ئۆكسۈپ يىغلاپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ئاپىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ: «ياخشى بالام،

ئەمەلىيەتتە سىنىڭ مۇزىكا تالانتىڭ بار، سىنىڭ بۈگۈن ئىيتقان ناخشاڭ تۇنۇگۈنكىدىن ياخشى، مۇشۇنداق مەشىق قىلىۋەرسەڭ، سەن ئاخىرى بىر ناخشا چولپىنىغا ئايلىنىسەن!» دەپتۇ. دېھقان ئائىلىسىدىن بولغان بۇ بالا كېيىن ھەقىقەتەن ئاشۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ناخشا چولپىنىغا ئايلىنىپتۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلارنى ماختىشىدىن بالىلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى، مۇۋەپپەقىيەت لەززىتىدۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ ماختىشىدا بالىلار توغرا ئۇسۇلغا ئېھتىياجلىقتۇر:

**1. ئالدى بىلەن بالىلارنى ھۆرمەتلەش**

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈشى، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى قوللاپ مەدەت بېرىشى لازىم. ھەرگىزمۇ بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ۋە نەزىرى بويىچە ئۆلچەمەسلىكى، تەلەپ قويماسلىقى، بۇيرۇق چۈشۈرمەسلىكى، پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويماسلىقى كېرەك.

**2. بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىشىگە ياردەم بېرىش**

بالىنىڭ مەسىلىلەرگە قاراش ۋە تونۇشى چەكلىك بولغاچقا، ئۆزىگە باھا بېرىشىمۇ ئانچە ئوڭاي ئەمەس. مۇنداق چاغدا، ئائىلە باشلىقى بالىلارنى ساختا تەقدىرلىمەسلىكى ياكى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىنكار قىلماسلىقى زۆرۈر.

**3. تەقدىرلەش زىيادە كۆپتۈرۈلۈپ كەتمەسلىك**

بالىلارنى ئوبيېكتىپ تونۇش، باشقىلارنىڭ رېتسېپىنى زورمۇزور ئۆز بالىسىغا قوللانماسلىق كېرەك.

**4. تەقدىرلەش تەربىيەسىدە ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ**

قەدىمكىلەردە: «ئون يىلدا دەرەخ بولۇر، 100 يىلدا ئادەم بولۇر» دېگەن گەپ بار. بالىلار بىزنىڭ ئېغىزدىن چۈشۈرمەي

ماختىنىمىز بىلەن دەرھال ئارزۇيىمىزدەك ياخشى بالا بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىچە قوبۇل قىلىش، ھەزىم قىلىشىدىن ئىبارەت مۇقىم جەريانى بار. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، تولۇق سان ئۆزگىرىشى بولغاندىلا، ئاندىن ياخشى سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئېرىشەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 16. باللارغا كۆيۈنۈشنىڭ ئۆلچىمى

ئۆز بالىسىنى ئاسراشنى ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئوبدان بىلىدۇ. بىراق، ئۇلارنى ماھىرلىق بىلەن تەربىيەلەش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇ ئىقتىدار ۋە تەربىيەۋى بىلىمگە موھتاج. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە يالغۇز پەرزەنتلەر كۆپ سانلىق ئىگىلىگەچكە، كىشىلەرنىڭ باللارنى تەربىيەلەش بىلىمى ۋە ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمايدۇ. كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار باللىرىنى زىيادە ئەركە ئۆستۈرۈپ نېمە دېسە، شۇنى قىلىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل ئۇسۇل باللاردىكى مەنمەنلىكنى، باشقىلارنى ئويلىماي، ئۆزىنىلا، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان قىلىپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئاتا - ئانىسىغا بىرمۇنچە ئاۋارچىلىكنى ئېلىپ كېلىدۇ.

گۇاڭجۇ شەھىرىدە بىر ئانا بولۇپ، ئۇ ئوغلىنىڭ ئوتتدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئوبدان خىزمىتىنى تاشلاپ ئېرى بىلەن بالىسىنى بېقىش ئۈچۈن ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بوران - چاپقۇنلاردا، قەھرىتان سوغۇقلاردا، ئىسسىق - تومۇزلاردا ئوغلىنى ۋېلىسىپىتكە ئولتۇرغۇزۇپ مەكتەپكە ئاپىرىدۇ. گەرچە ئىقتىسادىي ئەھۋالى بەك ياخشى بولمىسىمۇ، كېيىن لېۋىنى چىشلەپ ئاق سۆڭەكلەر مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى يوقلاپ بارسا، كىيىم - كېچەكنىڭ ئاددىيلىقىنى كۆرۈپ ساۋاقداشلىرىغا بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئانىسى ئارقىمۇئارقىدىن يوقلاپ بېرىۋەرگەندىن كېيىن، ئۇ «نومۇس

قىلىپ» تەلۋىلەرچە مۇنداق ئانىنى تونۇمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئانىسى يىغلاپ، قاقشاپ ھاياتىدىن ۋاز كەچمەكچى بوپتۇ ھەمدە ئىرۋىسى ئاجىزلىشىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن نېمە بولدۇم، باللار نېمە ئۈچۈن مۇنداق رەھىمسىز؟...» دەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئانا ـ بالا مۇھەببىتىنىڭ يوقىلىش مەنبەسى قەيەردە؟ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باللارغا زىيادە كۆڭۈل بۆلۈشى، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىشى، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشى ... قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر باللاردا چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە پەرۋا قىلماسلىق ئىدىيەسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بالىنى توغرا ئاسرىغاندا، ئاندىن بالىنىڭ ئۆسۈش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەپسىزلىك، گەپ ئاڭلىماسلىقنىڭ مەنبەسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى باللارغا كۆيۈنۈشنىڭ ئۆلچىمىنى قانداق ئىگىلىشى شەرت؟

### 1. ئىدراكىي كۆيۈنۈش

باللارغا كۆيۈنۈشتە ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشى، پايدىسىز ئامىللارنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئېلىپ كېتىشىنى تىزگىنلىشى لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر پېداگوگىكى ماكارو مۇنداق دەيدۇ: «باللار گەرچە ئاتا ـ ئانا مۇھەببىتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن ئازاب چەكسىمۇ، بىراق، ئۇلار ئۇ خىل زىيادە شاۋقۇنلۇق ھېسسىياتنىڭ چىرىتىشىدىن خالىي ئەمەس. ئائىلە تەربىيەسىدە ئەقلىي ئىدراك چوقۇم ھازىر بولىدىغان دائىملىق تىزگىنلەش قورالىغا ئايلىنىش زۆرۈر. ئۇنداق بولمايدىكەن، باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەڭ ياخشى مۇددىئاسىدا، ئەڭ ناچار ئىللەت ۋە ھەرىكەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ».



www.uyghurkitap.com

## 2. كۆيۈنۈش بىلەن بىرگە قاتتىق تەلەپ قويۇش

قاتتىق تەلەپ چوڭقۇر كۆيۈنۈشتىن كېلىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا قارىغۇلارچە كۆيۈنۈشنىڭ «قۇلى» بولماسلىقى، تەلەپ ئىچىدە كۆيۈنۈش، كۆيۈنۈش ئىچىدە تەلەپ بولۇشى زۆرۈر. قاتتىق تەلەپ بالىلارنى ھاقارەتلەپ، تىللاشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا پوزىتسىيەدە سەۋرچان، مېھرىبانلىق بىلەن يېتەكلەش لازىم.

## 3. كۆيۈنۈش، چۈشىنىش ۋە ھۆرمەتلەش ئۆزئارا ماسلىشىش

بالىلار چوڭلارنىڭ شەخسىي مۈلكى ياكى ئويۇنچۇقى ئەمەس، «ئۇلار تەربىيەلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە». بالىلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى چۈشىنىشتە، ئۇلارنىڭ ئەجەبلىنەرلىك، ھەيران قالارلىق، ئويۇنغا مايىل تەبىئىتىنى ھۆرمەتلەش لازىم، ئۇ ئەمەلىيەتتە چىرايلىق كىيىم، ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى يېگۈزگەندىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 17. ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى ئۆزگەرتىش

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن مەمنۇن بولۇش بىلەن بىرگە يەنە نۇقسانلىرىنى ئۆزگەرتىشنىمۇ ساغلام ئۆسۈشىنىڭ تۈرتكىسى قىلىش لازىم. مەسىلەن: بالا ئىمتىھاندا ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى بولسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى ئەيىبلىشى قارشىلىق كەيپىياتىنى قوزغايدۇ، ھەتتا ئۆگىنىشتىنمۇ بىزار بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بالىغا: «سەن سىنىپ بويىچە يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ زور ئوقۇغۇچى، ساڭا سەل قارىغىلى بولمايدۇ!» دېسەك، بۇ خىل ئىلھاملاندۇرۇش شەكلى ئوقۇغۇچىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق.

رىغبەتلەندۈرۈش شەكلى ئارقىلىق نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بالىنىڭ كەمچىلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، بالىنىڭ داۋاملىق ئالغا باسىدىغان شىجائىتى ۋە جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى قىلىش لازىم.

ئىمران بىلەن ئېھسان بىر يەسلىدىكى ئىككى ئەقىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن، بىر قېتىم يەسلى ئوقۇتقۇچىسى ئۇلارغا 10 دانە ماتېماتىكىلىق ئاددىي سوئالنى تاپشۇرۇپ، ئائىلىسىدە ئىشلەپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ.

كەچقۇرۇن ئىمران تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرسىتىدۇ. ئانىسى كۆرگەندىن كېيىن ئىمرانغا: «ئىمران بالام ھەقىقەتەن ئەقىللىق، 10 سوئالنىڭ توققۇزىنى

ياخشى ئىشلەپسەن، يەنە بىر سوئال توغرا جاۋابتىن ئازراقلا پەرقلىنىدۇ 13=7+6، سىنىڭ جاۋابىڭ 12، هازىر هېسابلاپ باقە؟ ?=7+6 ، ئىمران 13 دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

— توغرا بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تىرىش!

ئىمران ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناهايىتى خۇش بولدى ـ دە، تېزدىنلا خاتالىنى ئۆزگەرتتى.

ئېھسانمۇ تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ دادىسىغا كۆرسەتتى. دادىسى كۆرۈپ «6گە 7نى قوشسا، قانداقسىگە 14 بولىدۇ؟ مۇشۇنداق ئاددىي سوئالنىمۇ ئىشلىيەلمەيسەن، ھۆ! نانقېپى ··· كېيىنچە قانداق قىلالايسەن! ··· دەپ ئاچچىقلاپلا كەتتى، ئېھسان دادىسىنىڭ ھاقارىتىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا كەچكىچە گەپمۇ قىلمىدى.

كېيىن ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى، گەرچە ئىمران بىلەن ئېھساننىڭ تەبىئىي تالانتى، تىرىشىش دەرىجىسى، ئائىلە شارائىتى ئاساسەن ئوخشىسىمۇ، بىراق ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئىمراننىڭ نەتىجىسى سىنىپ ئىچىدە ئالدىنقى ئۈچ قاتاردىن تۆۋەن چۈشمىدى، ئېھسان بولسا ئالدىنقى ئوننىچى قاتارغىمۇ يېتەلمىدى.

يۇقىرىقى مىساللاردىن ئايانكى، «ئالتۇنمۇ ساپ بولمايدۇ، ئادەم مۇكەممەل». ھەربىر بالىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق نۇقسانلىقى بولىدۇ. بىز بۇ خىل نۇقسانلىقنى ئاساسەن بالىلارغا كۆيۈنۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز ۋە بالىنىڭ غۇرۇرى، ئىشەنچىسىنى، ئۆز قىممىتىنى قوغداپ قېلىشىمىز زۆرۈر. قانداق قىلغاندا بالىنىڭ نۇقسانلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

**1. بالىلار بىلەن ئەستايىدىل پىكىر ئالماشتۇرۇش**

بالىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسەتكەندە، ھەممىسىدە دېگۈدەك

پىسخىكىلىق نارازىلىق قوزغىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلار مەنىۋى جەھەتتە باراۋەر، تەڭ ئورۇندا تۇرمىسا، قارنى ـ كۆكسىدىن چىقىرىپ سۆزلىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىمىزنى بالا ئورنىدا قويۇپ تەپەككۇر قىلساق، بالىدا بىزگە نىسبەتەن ئىشىنىش، چۈشىنىش ھاسىل بولۇپ، مۇددىئايىمىزنى، گەپ ـ سۆزلىرىمىزنى ئاندىن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ.

**2. غۇرۇرى كۈچلۈك بالىلارغا نىسبەتەن دارتىملاپ شەپە بېرىش**

باللار ئۆزىنىڭ قىممەت ئۆلچىمىگە ئاساسەن، مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىدۇ. بىز سەممىمىي، كۆڭۈل بۆلۈش ئاساسىدا، كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىلەرگە قول ھەرىكىتى، ئىما ـ ئىشارەت بىلەن «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك دارىتملاش ئۇسۇللىرى بىلەن شەپە بەرسەك، ئۇنۇمى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغاندىن ياخشى بولىدۇ.

**3. باللارنىڭ ھەرىكىتىنى خالىغانچە ئىنكار قىلماسلىق**

باللار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئۇلارنى خالىغانچە ئەيىبلىمەي كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش زۆرۈر. ھەرگىزمۇ بومۇ خاتا، ئۇمۇ خاتا، ماۋۇ خەتەرلىك، ئاۋۇ بولمايدۇ ··· دەپ ئىنكار قىلماسلىق، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش يولى، ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە تەپەككۇرغا ئۈندەپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

## 18. بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش مىزانى

ئائىلە ھەرىكەت مىزانى ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بالىلارنىڭ گەپ ئاڭلىماسلىق خاھىشىدىن ساقلىنىشىنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. ئادەتتە ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئائىلىنى ئىدارە قىلىش مىزانى بولىدۇ. بۇ مىزاننىڭ بەزىلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى ئۆزئارا چۈشىنىش ئاساسىدىكى تەبىئىي رىئايە قىلىدىغان مىزاندىن ئىبارەت.

بالىلارنىڭ ناچار تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بەزىبىر ئائىلە ھەرىكەت مىزانىنى بېكىتىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلاپ قېلىپلاشتۇرۇش زۆرۈر.

بالىلارنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ بولغان بەزى ناچار ئىللەتلەرمۇ قايتا تىرىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئائىلە شارائىتىدا بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ تۇزىتىدىغان بەزى مىزانلار بولمىسا بولمايدۇ.

ئىمران باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش مەزگىلىدە، بەزىدە دۇم يېتىپ كىتاب ئوقۇسا، بەزىدە بىر تەرەپتىن تاماق يەپ ياكى تېلېۋىزور كۆرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇيتتى. بۇ ئېنىقكى بىر تەرەپتىن بالىنىڭ تاماقنى ھەزىم قىلىشىغا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقتىغا تەسىر يەتكۈزەتتى. ئۇ بەزىدە بۇ خىل «كېسەل» لەرنى ئۆزگەرتكەن بولسا، يەنە بەزىدە قايتىلايتتى. بۇ

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ئىمراننىڭ ئائىلىسى پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنى قاتناشتۇرۇپ ئائىلە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا يېتىپ تۇرۇپ ياكى بىر تەرەپتىن تاماق يەپ، يەنە بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇشنىڭ زىيىنى سۆزلەندى. ئۇنىڭ تائامنىڭ ھەزىم قىلىنىشىغا، كۆزگە، كىتاب كۆرۈش ئۈنۈمىگە، ۋاقىتقا ··· زىيانلىق تەرەپلىرى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلار بۇ خىل ناچار ئىللەتنى ئۆزگەرتىش لايىھەسى، ۋاقىتنى بەلگىلەپ ئىمراننىڭ ئۆزگەرتىشكە بىر ئاي مۆھلەت بېرىش، ناۋادا ئۇ يەنە ئۆزگەرتمىسە، تۇرمۇش پۇلىنى قىسىش ياكى يېڭى كىتاب ئېلىپ بەرمەسلىك بەلگىلەندى. ئىمران كىتاب كۆرۈشكە ئامراق، ئويۇنچۇقى، ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكنى سېتىۋالمىسىمۇ، لېكىن يېڭى كىتاب كۆرگەن ھامان ئولتۇرالماي قالاتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ قېتىم قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. ئۇ بىر ئاي ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، ئاخىرى ئۇ خىل ناچار ئىللەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى.

يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىلاردا ساقلىنىۋاتقان ۋاقتى ــ قارايدا ئۇخلاپ ئورنىدىن تۇرماسلىق، يۈز ـ كۆزىنى يۇيماسلىق، ئەتىگەنلىكى ناشتا قىلماسلىق، مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشتە يولدىكى ئۇششاق تاشلارنى ئېتىش ـ تېپىش، تاملارغا قالايمىقان خەت يېزىش، قەلەم ـ قېرىنداشلارنى ئويناپ بۇزۇش، كىتاب، تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى قالايمىقان يىرتىش ··· قاتارلىق ئىللەتلىرىنىمۇ ئائىلىۋى ھەرىكەت مىزانى ئارقىلىق تۈزەتكىلى بولىدۇ.

ئائىلىۋى مىزانىنى بەلگىلەشتە پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن قاتنىشىشى، تولۇق مۇزاكىرىلىشىشى، دېموكراتىيەنى جارى قىلىشى ھەم قاراتمىلىقى بولغان ھالدا

بالىنىڭ ناچار ئىللىتىگە چەكلىمە قويۇشى ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئوبيېكتىپ ھالدا، بالىلار تىرىشسا ئىجرا قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. ئائىلىۋى مىزان بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىجرا قىلىشى، قارارلىق ھالدا خۇلاسىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئائىلىۋى مۇھىتنى ياخشىلاپ ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا غەمخورلۇق، ئىناقلىقنى كۈچەيتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى زۆرۈر:

**1. بالىلار ئائىلىۋى مىزاننىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش لازىم**

بالىلارغا ئائىلە مىزانىنىڭ مەزمۇنى ھەمدە ئۇ ئارقىلىق ئائىلىنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخى تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىۋاستە چۈشەندۈرۈش لازىم. مەسىلەن: بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئانچە باياشات ئەمەس، تۇرمۇشتا بەزىبىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن، ئائىلە شارائىتى، ئاتا - ئانىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ... قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بالىلاردا ئائىلىگە نىسبەتەن مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

**2. بالىلاردا ئاتا - ئانىغا بولغان مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش**

كۆپ ساندىكى قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ پىسخىك مەسىلىسى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىن كېلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە مۇكەممەل ئادىمىيلىك خىسلەت ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىن تارتىپ شەكىللەنمىسە، ئۇ ۋاقىتتا كەلگۈسىدە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا ئائىلىۋى مىزاننى بەلگىلەش كىچىكىدىن باشلاپ ھەق - ناھەقنى چۈشىنىدىغان، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بىراق، ئائىلىۋى مىزاننى بەلگىلىگەن چاغدا، مىزاننى بەلگىلەشنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلارغا كۆيۈنۈش ئۈچۈن بولغانلىقىنى، بالىلارغا بىخەتەر، مەسئۇلىيەتچان، لاياقەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

### 3. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزى ئائىلە مىزانىغا ئاكتىپ ئەمەل قىلىش

ئاتا ـ ئانا بالىلارغا ئەركىنلىكنىڭ چەكسىز بولمايدىغانلىقىنى، بىر ئادەمنىڭ چوقۇم بىر قىسىم ئەنئەنىۋى قائىدە ـ مىزانلارغا ئەمەل قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قەيت قىلىشى لازىم. ئائىلىۋى قائىدە ـ مىزاننىڭ يالغۇز بالىلار ئۈچۈنلا ئەمەسلىكىنى، ئاتا ـ ئانا مىزاننى ئىجرا قىلىشتا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە بولۇشى، مەسىلەن: بىرگە تائام يېگەندە ئەدەپلىك بولۇشى، تائام تاللىماسلىقى، چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىقى ··· قاتارلىق تەرەپلەرگە ئۈلگە بولۇشى لازىم.

### 4. ئائىلىۋى مىزان ئامالىنىڭ بارىچە ئاددىي بولۇش

ئائىلىۋى مىزان ئاددىي بولۇشى كېرەك. بىر مەزگىللىك مىزان ئاساسەن ئۈچ ماددا ئەتراپىدا بولسا كۇپايە.

www.uyghurkitap.com

# 19. باشقىلار ئالدىدا بالىلارنى كۆپرەك ماختاش

بالىلارنى كۆپرەك ماختاش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئازراق تەنقىد ۋە ئەيىبلەش لازىم. ھەربىر بالىنىڭ ئۆزگىچە غۇرۇرى بولىدۇ. بولۇپمۇ باشقىلار ئالدىدا بالىنىڭ غۇرۇرى تېخىمۇ كۈچلۈك. رېئال تۇرمۇشتا بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىدىن ئازراق «سەۋەنلىك ئۆتسە» ئاچچىقىنى باسالماي كۆپچىلىك ئالدىدىلا بالنى سۆكۈپ، قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇسۇل ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس. بۇ بالىنى روھىي جەھەتتىن ئازابلاپ، ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك قوزغايدۇ.

رۇسلاننىڭ دادىسى باشقىلار ئالدىدا بالىسىنى ماختاشقا بەك ئامراق. بىر قېتىم ئۇ ئۆيىگە بىرقانچە دوستلىرىنى چاقىرىپ تائام يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ، ھەممىسى باشقىلارنىڭ بالىسىنى ماختاپ سۆزلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رۇسلاننىڭ دادىسى: «مېنىڭ ئوغلۇم رۇسلان ھەم ئەدەپلىك ھەم ئەقىللىق ھەمدە باشقىلارغا ناھايىتى كۆيۈنىدۇ. ئالدىنقى كۈنى ئەمگەك قىلىپ ھېرىپ ئولتۇرسام، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ مۈرەمنى تۇتۇپ، دۈمبەمنى ئۇۋۇلاپ قويدى. بالىنىڭ يۇمران قوللىرى مۈرەمگە تەگكەندە، مەن شۇنداق ھوزۇرلىنىپ كەتتىم.» بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دوستلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كەتتى.

رۇسلان ھوجرىسىدا دادىسى بىلەن دوستلىرىنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، دادىسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش

ئارقىلىق دادىسىنىڭ ماختىشىغا ھەقىقىي جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىدى.

مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بالا بولسۇن ھەممىسى ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش، سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر خىل خاراكتېر ۋە غۇرۇرغا ئىگە. بالا تەربىيەلەشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە غۇرۇرىنى قوغداش ئاساسىدا سەمىمىيلىك بىلەن كۆڭۈل بۆلۈش، مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق سەۋەنلىكىنىڭ زىيىنىنى، ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ھەم ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يېتەرلىك جەريان بېرىپ، ھازىرلا ئۆزگەرتىشنى جىددىي تەلەپ قىلماسلىق لازىم.

**1. بالىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش**

باشقىلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە، بالىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش قىزغىنلىقىنى قوزغاش، مەسىلەن: «بۇ نۆۋەت ئوغلۇم يەنە ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ سايلىنىپتۇ!»، «قىزىمنىڭ سىزغان رەسىمى نېمىدېگەن چىرايلىق» دېگەندەك، ھەربىر بالىنىڭ ئۆزىگىچە ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بۇرۇنراق بايقىغاندا، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىڭ جارى قىلىنىشىغا تۈرتكە بولساق، ئۇ تېخىمۇ ئۆزگە ئىشەنگەن ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

**2. بالىلارنى ماختاشتا ئورۇن، ۋاقىت ۋە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش**

ئېدىسون بالا ۋاقتىدا، مېكىياننى دوراپ تۇخۇمنى بېسىپ چۈجە چىقىرىمەن دەپ ياتقاندا، دادىسى ئۇنى «نېرۋىسىدىن ئادىشىپتۇ» دەپ كۆپچىلىك ئالدىدا ئەيىبلەپ تىللىماستىن، ئەكسىچە، «بالام مېكىيىنى ئىشلىتىپ مېكىياننىڭ تۇخۇم بېسىپ چۈجە چىقىرىش ھادىسىسىنى ئەمەلىيەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋېتىپتۇ» دەپ قارىغان. دادىسىنىڭ مۇنداق

ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە يېتەكلىشىدە، ئېدىسون ئاخىرى بىر ئۇلۇغ ئىجادكارغا ئايلانغان.

**3. باشقىلار ئالدىدا ماختاش سەنئىتىگە دىققەت قىلىش**

بالىلارنى باشقىلار ئالدىدا ماختاشتا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىش:

(1) ماختاشتا سەمىمىي ۋە ئەستايىدىل بولۇش، ئۆزىنى كۆپتۈرۈش ياكى باشقىلارنى چۆكتۈرۈش ئۈچۈن قەستەن بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆپتۈرمەسلىك لازىم.

(2) ماختاشتا ئاساس بولۇشى كېرەككى، پاكىت ئويدۇرۇپ ساختىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

(3)مۇۋاپىق ماختاش لازىم، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋەرسە باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 20. بالىنىڭ «ۋاپاسىزلىقى»نى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى

بالا «ئېڭە...»لەپ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ، ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭ تېزراق چوڭ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، بەزى بالىلار چوڭ بولغانسېرى ئاتا ـ ئانىسىغا ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىلگىرى «ياۋاش»، «گەپ ئاڭلايدىغان بالا» تۇساتتىن بىردىنلا ئۆزگىرىپ «گەپ ئاڭلىمايدىغان بالا» بولۇپ قالىدۇ.

ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويۇپلا ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋاپاسىز ئوغۇلنى تەربىيەلەش بىر مۇشكۇل ۋەزىپىگە ئايلىنىپ ئاتا ـ ئانىنىڭ باش قېتىنچىلىقىغا ئايلىنىدۇ. تىللاپ ـ ئۇرسا تېخى بولمايدۇ. تىللاپ ـ ئۇرغانسېرى قارشىلىشىپ، بىزارلىق پسىخىكىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىدۇ. تەربىيە بەرسە «ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ، بۇ قۇلاقتىن چىقىپ كېتىدۇ»، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش تېخىمۇ چوڭ خاتالىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇنداقتا، پەرزەنتى «ۋاپاسىز» چىقىپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئاتا ـ ئانىلار نۇرغۇن ئەنئەنىۋى تەربىيە ئۇسۇلى ئۈنۈم بەرمىگەن ۋاقىتتا، مۇئەييەنلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر خىل روھىي ھالەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بالىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئۆزگەرتتىۋاتىدۇ.

يېقىندىن بۇيان، تاجىگۇل ناھايىتى خاپا، كىچىكىدە ناھايىتى ئوماق، كۆيۈمچان، «قۇلىقى يۇمشاق» قىزى باشلانغۇچ مەكتەپكە

چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا جاھىل بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا بىر نەرسە يېمىسە ئۇنىمايدۇ. ئۇسسىسا قايناق سۇ ئىچمەيدۇ. بازاردىن سېتىۋالغان يېمەك - ئىچمەك ئېغىزىغا تېتىمىسا قالايمىقان تاشلىۋېتىدۇ. بازاردا باشقىلارنىڭ بىر نەرسە يەۋاتقانلىقىنى كۆرسە، دەرھال ئۇنى يەيمەن دەپ جېدەل قىلىدۇ. ئاخشىمى ياتالمىغان، ئەتىگىنى قوپالمىغان، شۇنداقلا تىللاپ قويسا، ئۇن سېلىپ يىغلىغان، ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ قورقاتقان...

مۇنداق ۋاپاسىز بالا ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ؛ بىرى، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتە ناچار ئىللەتنى يۇقتۇرۇۋالغانلار، ئىككىنچىسى، بالىلار مۇستەقىل خاراكتېرنى شەكىللەندۇرگەن. شۇنداقلا جەمئىيەتكە ئۆزىنىڭ نەزىرى بويىچە قاراپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ماس ئالاھىدىلىكلەرنى يېتىلدۇرگەنلەر.

ئاتا - ئانىلار بالىلاردىكى بىزارلىق پسىخىكىسىنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بالىلارغا بولغان تەربىيە ئۇسۇل پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشى لازىم.

**1. بالىلاردا ۋاپاسىزلىق كۆرۈلسە، ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش**

بالىلارغا دائىم ئېسىلىۋالماي، مەسىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، سەۋەبلىرىنى ئىزدەش ۋە چۈشىنىش لازىم. مەسىلەن: تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش ياشلاردىكى ئەڭ تىپىك ئالامەت. ئەگەر بالىدا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلسە، تاشلاشقا مەجبۇرلىماسلىق لازىم، بولمىسا مەجبۇرلىغانسېرى ئەكسىگە ماڭىدۇ. ئەكسىچە ئاتا - ئانىنىڭ بالىغا ئارىلىشىۋېلىشى كۆپ بولۇپ كەتتىمۇ قانداق ياكى بەزىبىر تەربىيە ئۇسۇلى خاتامۇ؟ ...قايتا ئويلىنىش لازىم.

### 2. بالىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش

ئاتا ـ ئانا بالىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلماي، ھۆرمەت قىلمىسا، ئىشەنمىسە، تىللاپ ـ ھاقارەت قىلسا، بالا بارا ـ بارا ئاتا ـ ئانىنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، كۆڭلىدە نارازىلىق تۇغۇلىدۇ.

### 3. بالىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى سالماقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش

ۋاپاسىزلىق كۆرۈلۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى سالماقلىق بىلەن ئانالىز قىلىپ، ئەگەر چوڭلاردىكى مەسىلە بولسا، دەرھال تۈزىتىش، بالىلاردىكى مەسىلە بولسا، ۋاقتىنچە ئارىلاشماسلىق، مەسىلەن: بالا يىغلىسا پىسەنت قىلماي ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا تەربىيەلەش، يېتەكلەش، ھەرگىزمۇ «بالىنىڭ بېشىنى سىيلاپ» ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماسلىق كېرەك.

### 4. بالا بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق ئۆزگەرتىش

ئاتا ـ ئانا دېموكراتىيە ئاساسىدا بالىنىڭ «دوستىغا» ئايلىنىپ، ۋاپاسىزلىقنى تۈگىتىشتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. ۋاپاسىزلىق مەزگىلىدە بالىلار ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە موھتاج، ئۇلار شېرىكلىرى ئىچىدە چۈشەنگۈچىلەرنى ئىزدەيدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا كىبىرىنى تاشلاپ بالىنىڭ «دوستى، شېرىكى» گە ئايلىنالىسا، بالا ئاتا ـ ئانىسىنى بىر سەپتىكى بۇرادەر دەپ تونۇسا، تەربىيە ئارقىلىق ئۇنىڭ بىزارلىق پسىخىكىسىنى تەدرىجىي يوقاتقىلى بولىدۇ.

### 5. ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارايدىغان تەربىيە شەكلىنى ئۆزگەرتىش

ئەگەر ئاتا ـ ئانا كىبىر كۆرسىتىپ، «مېنىڭ ماڭغان يولۇم سېنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكىڭدىن كۆپ» دەپ «ئۇستاز» لىقنى كۆز ـ كۆز قىلسا، بالىنىڭ قارشىلىشىش پسىخىكىسىنى يوقاتماي، ئەكسىچە جىددىيلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.



www.uyghurkitap.com

# 21. يېتەكلەش كۆپرەك، تىزگىنلەش كەمرەك بولۇش

تىزگىنلەش بىر خىل غەيرىي نەرسە، ئۇ بىر خىل ھاياتلىق ئىقتىدارى بىلەن ھەربىر جانلىقنىڭ تېنىدە يوشۇرۇن مەۋجۇت، ئادەم تېخىمۇ شۇنداق، ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا بالىنى تىزگىنلەيدۇ. ئۇلار بالىغا بولغان مۇھەببەت ئارقىلىق ئۇلۇغ قېرىنداشلىقنى بىلدۈرسە، شۇنداقلا يەنە مۇھەببەت ئارقىلىق بالىنى تىزگىنلەيدىغان بەختسىزلىكنىمۇ يارىتىدۇ.

ئالتە ياشلىق مەرپۇغە، قونچاقتەك چىرايلىق، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ. بىراق، مەكتەپتە ھېچكىم ئۇنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنى مەرپۇغە ئەمەس، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مەرپۇغە ئائىلىسىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار «ئەينى دەۋردە بىز جاپا چەككەن، ئەمدى بۇ جاپانى بالىلار ھەرگىز تارتمىسۇن» دەپ مەرپۇغەنى ئەتىۋارلايتتى. مەرپۇغە تۇغۇلۇپ ھازىرغا قەدەر بارلىق ئىشلىرىنى، ھەتتا ئويلاپ تېخى ئېغىزدىن چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرىنىمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىر قوللۇق ئورۇنداپ بېرەتتى. شۇڭا، مەرپۇغە كىچىكىدىن تارتىپلا كالىلا ئىشلەتمەيدىغان، قول تەۋرەتمەيدىغان، بارلىق نەرسىلەرنى قول سوزۇپلا تەييار قىلالايدىغان ھەم ئالالايدىغان، ھەممىسىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. بىراق، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى

يېنىدا بولمىغاچقا، ئەڭ ئاددىي ئىشنىمۇ قىلالمىدى. ئۇ بىر قېتىم نۆۋەتچىلىكتە تۇرغاندا، سۈپۈرگىنىمۇ قانداق ئىشلىتىشنىمۇ بىلەلمىدى. ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىنى تىزگىنلىشى كۆپىنچە «مۇھەببەت» نامى بىلەن بولىدۇ. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىشلەيدۇ. بالىنىڭ يېشى كىچىك، تەجرىبىسى يېتەرلىك بولمىغاچقا، تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشنى تېخى بىلەلمىگەن ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىسى قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانا قانداق قىلغاندا بالىنى كۆپرەك يېتەكلەپ، كەمرەك تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

### 1. بالىغا ئۆسۈش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش

بالىدىن سەل ـ پەل يىراقتا تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي ئۆسۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش؛ تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، بالىنى توغرا يېتەكلىشى لازىم. بالا ياشلىق مەزگىلىگە كىرگەندە، ئاتا ـ ئانا كۆپ ئارىلىشىۋالماسلىقى، ئۇنىڭغا كۆپرەك ئۆسۈش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم.

### 2. ئاتا ـ ئانا ئوي ـ پىكرىنى كونترول قىلىش

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىنى تىزگىنلەش قارىشى كۈچلۈك بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشى، جىددىيلەشمەسلىكى لازىم. ئاتا ـ ئانا جىددىيلىشىپ تەربىيە قىلغاندا، بالا ياۋاشلىشىپ گەپ ئاڭلىغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدىن قايىل بولمايدۇ ۋە خورسەن بولمايدۇ.

### 3. ئىجابىي يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇش

تاشقى سەۋەب ئىچكى سەۋەب ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. بىز يېتەكلىگەندە بالا كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ مەسىلىنى تونۇشى، ئەگەر ئۇ مەسىلە داۋاملىشىۋەرسە، ئۆزىگە ۋە كۆپچىلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا

قىلىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. بالىنىڭ مەسىلىگە دىيالېكتىك ئانالىز بويىچە قارىشىغا ئىلھاملاندۇرۇش، تەقدىرلەش بىلەن تەنقىدنى بىرلەشتۈرۈش، بالىنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش لازىم.

**4. بالىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش**

مۇستەقىللىق بىر خىل ياخشى ئادەت بولۇپ، بالىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرۈشنى تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشتىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش لازىم. مەسىلەن: كىيىم - كېچەكنى كىيىش، يۈز - كۆزنى يۇيۇش، تاماق يېيىش...

بالىنىڭ تەپەككۇرى، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى مۇستەقىل ئاڭ ئاساسىدا ھېس - تەجرىبە بىلەن بىلىمنىڭ جۇغلىنىشى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

ئاتا - ئانىلار بەلكىم بۇ ئىشقا بالا چوڭ بولغاندا بىر نېمە دېيىش كېرەك، دېيىشى مۇمكىن. بىراق بۇ خىل ئىقتىدار سۆزلەپ قويغان بىلەنلا پۈتمەيدۇ. ئۇ ئۇزاق مۇددەت پىششىق تەربىيەدىن كېيىن مۇھىت ۋە ئەمەلىي ئىشلارغا بولغان ئىنكاس جەريانىدا تەدرىجىي يېتىلىپ چىقىدۇ. بالىدا بۇ خىل ئەمەلىيەت ياكى ئىقتىدار بولمىسا، شۇنى مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ خىل مۇستەقىل تەپەككۇر ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يېتىلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 22. بالىغا ئۆزى قارار چىقىرىش ھوقۇقى بېرىش

بىر مەشھۇر يازغۇچى مەسئۇلىيەت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى دۆلەت، ئائىلە ۋە بالىلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. بىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم سوۋغىتى چوقۇم «يىلتىز» بىلەن «قانات» بولۇشى، يەنى بۇ مەسئۇلىيەت يىلتىزى بىلەن ئۇچالايدىغان قاناتتىن ئىبارەت.» ئەگەر بۇ ئىككى نەرسە كەم بولىدىكەن، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. بالىلارنىڭ گۆدەك قەلبىنى ئېتىزغا قانداق قىلغاندا بۇ خىل مەسئۇلىيەت ئۇرۇقىنى چاچقىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە ئەڭ مۇھىم نۇقتا «بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ قارار چىقىرىشىدا». كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە، كىشىلەر نۇرغۇن چىگىش ھەم ئاچماق يولغا دۇچ كېلىپ، ھەر ۋاقىت تېزدىن توغرا يول تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. تاللىشى توغرا بولسا، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئازراق ئىككىلەنسە، پۇرسەت ئۆزىنى غىل ـ پال كۆرسىتىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاللاشنىڭ ئۆزى ئىقتىدار، تاللاش مەسئۇلىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خىل ئىقتىدار بالا ۋاقتىدىن تارتىپ يېتىلدۈرۈلىدۇ.

ئىمران مەكتەپتىن كىيىملىرى تۇپا ھالدا كەچ قايتىپ كەلدى. دادىسى ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپلا ئاچچىقلىنىشقا باشلىدى:

— نېمىشقا مۇنداق كەچ قايتتىڭ، قارا! كىيىملىرىڭگە،

ساپلا توپا!
— چۈشتىن كېيىن مەكتەپ پۇتبول كوماندىسى ئەزا تاللايدىكەن، مەنمۇ قاتناشقانتىم.
— نېمە؟ پۇتبول كوماندىسى! كىم سېنى قاتناشسۇن دېدى!
— مەن ئۆزۈم قاتناشقان، كۆپلىگەن ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى تىزىملاتتى…
— بۇ مۇمكىن ئەمەس! نەتىجەڭ شۇنداق تۆۋەن تۇرسا، پۇتبول كوماندىسىغا قاتنىشىشقا قانداق كۆڭلۈڭ ئۇنىدى؟ ئەگەر يەنە قاتنىشىدىغان بولساڭ، پاچىقىڭنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام!»
ئىمران يەنە ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغان ئىدى، بىراق، دادىسىنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىدا دېمەكچى بولغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.
شۇنداق قىلىپ ئىمران پۇتبول كوماندىسىغا قاتناشمىدى. بىراق ئۇنىڭ نەتىجىسى ياخشىلانماي، ئىلگىرىكىدىنمۇ ئارقىدا قالدى. شۇنداق قىلىپ بارا - بارا ئۇنىڭ ئۆگىنىشتىن رايى قايتتى.
ئاتا - ئانا بولغۇچىلار دائىم ئۆزىنى تۇتالماي باللار ئۈچۈن كەسىپنى تاللاپ بېرىشكە ئامراق. باللار ئامالسىز ئاتا - ئانىسىنىڭ پىكرىنى يىرالماي شۇ بويىچە ئىش كۆرىدۇ. باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ قارارىغا «ياق» دەي دېسە، ئۇلار ئىزچىل ئاتا - ئانىسىنىڭ «گەپ ئاڭلا!» دېگەن تەربىيەسىنى ئاڭلاپ كەلگەن، سۆزىنى يىرالمايدۇ. ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن پاسسىپ ئۇسۇل قوللىنىپ بىزار بولىدۇ.
ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن پايدىلىنىش لازىم:
**1. بالا ئۈچۈن مۇئەييەن ئەركىنلىك بېرىش**

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ تۇرمۇشتىكى مەنپەئەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى چۈشىنىشى، ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان بالىغا قارىتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بەزى پىكرىنى رەت قىلىش ھوقۇقىنى بېرىشى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بالىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە رەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىشى لازىم. ئاتا ـ ئانا بالىنى «نېمە دېسەم شۇنى قىلىسەن!» دېمەي، بالىنى ئويلاشقا، سۆزلەشكە، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەتلىك ئەزىمەتلەردىن قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم.

### 2. بالىنىڭ ئۆزىنى قارار چىقارغۇزۇش

ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولمىسىلا بالىنىڭ ئۆزى قارار چىقارغىنى ياخشى، ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك پۇرسەت يارىتىپ بەرسە بولىدۇ.

### 3. تاللاشنىڭ پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بالىغا چۈشەندۈرۈش

پۈتۈن ئەقلىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ نىسبەتەن مۇۋاپىق قارارنى چىقىرىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، بىراق، چىقارغان قارارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن ئويلىشىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## 23. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا قائىدىلىك سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىش

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئادەتتىكى جېكىلەشتىن باشقا يەنە ئۇلارغا مۇئەييەن قائىدە سۆزلەشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇلار باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنىڭ باشقىلارغا بولىدىغان تەسىرىنى ھەقىقىي چۈشىنىشى لازىم. قائىدە سۆزلەش شەكلى جەھەتتە، بالىنىڭ يېشىغا قاراپ سۆزلەش، يېشى كىچىكرەك بالىلارغا نىسبەتەن ھېكايە سۆزلەش شەكلى مۇۋاپىق.

تاجىگۈل ئوغلىغا بىر ياشتىن تارتىپ قائىدە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشنى ئادەت قىلدى. بىرقانچە كۈن ئىلگىرى، ئوغلىنىڭ بەدىنىگە ئۇششاق قىزىل مۇدۇر چىقىپ قالغانىدى. تاجىگۈل بالىنى جۇڭگوچە داۋالاشقا كۆرسەتسە، بالىنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن بىر خىل ئاچچىق دورا بەردى. تاجىگۈل دورىنى بالىغا قانداق ئىچۈرۈشتىن ئەنسىرىدى، بالا دورىنى ئىچمەي چىقىرىۋەتسە قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇرنىنى مىجىپ تۇرۇپ ئىچۈرۈش كېرەكمۇ؟ ياكى قەنت ئارىلاشتۇرايمۇ ··· ياق! قائىدە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش كېرەك!

تاجىگۈل بالىغا نېمە ئۈچۈن دورا ئىچىشتىن باشلاپ، ئاندىن دورىنىڭ ئاچچىقلىقى، ئىچمىسە بولمايدىغانلىقى ··· قاتارلىقلارنى ئارقىمۇئارقىدىن تەپسىلىي چۈشەندۈردى. بالا ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئاخىرىدا ئۇ: دورا نېمە ئۈچۈن قارا رەڭلىك، سۈت شېشىسى بىلەن ئىچسە بولمامدۇ؟ ··· دېگەندەك سوئاللارنى سو-

رىدى. تاجىگۇل ئۇنىڭغا تەپسىلىي جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا ئۇ بىر قوشۇق دورىنى ئوغلىغا ئىچۈرگەنىدى. ئۇ تەستە يۇتكەن بولسىمۇ، يەنە ئانىسىغا مۇنداق شەرت قويدى: ئانا! دورىنى بىر ئوتلاپ، ئارقىدىن بىر تال كەمپۈت يەپ ئىچەيمۇ؟ ئاغزىم بەك ئاچچىق بوپ كەتتى. تاجىگۇل ئوغلىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئوغلى شۇنىڭدىن كېيىن دورىنى ئىچىۋېرىدىغان بولدى.

قائىدە سۆزلەش بالا بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. قائىدە سۆزلەشكە ماھىر بولۇش ئاتا - ئانىنىڭ بالا تەربىيەلەشتىكى مۇھىم ۋاستىسى، بالىلارغا قائىدە سۆزلىگەندە سەۋرچان بولۇشى، بالىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە چارە - تەدبىرنى تاللاش لازىم.

**1. بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش**

ئالدى بىلەن بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى تەقدىرلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئاساسىدا، بالىنىڭ نۇقسانلىرىنى تۈزىتىش كېرەك.

**2. سۆزلىگەن قائىدە مۇۋاپىق بولۇش ۋە بالىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا پۇرسەت بېرىش**

قائىدە سۆزلىدىم، دەپ يالغان - ياۋىداق گەپ قىلسا، بالا كۆڭلىدىن قايىل بولمايدۇ. بالىنىڭ ئۆزىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە، جەريانلارنى سۆزلىشىگە، ئارتۇق كەتكەن تەرەپلەر بولسا، ئۆزىنى ئاقلىشىغا يول قويۇش كېرەك.

**3. بالىنىڭ كەيپىياتىنى ئىگىلەش**

بالىمۇ چوڭ ئادەمگە ئوخشاش كەيپىياتى ياخشى بولسا، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. كەيپىياتى ناچار، خۇش بولمىغان چاغلىرىدا نورمال پىكىرنىمۇ ئاڭلىمايدۇ. شۇڭا، بالىنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىپ، كەيپىياتى ياخشى چاغدا قائىدە سۆزلەپ تەربىيە بېرىش زۆرۈر.



www.uyghurkitap.com

## 24. باللاردىن توغرا ئۈمىد كۈتۈش

ئاتا ـ ئانا باللاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. باللارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەستىن ياكى بىر چەتتە قاراپ تۇرماستىن بالا ئۈچۈن تىرىشىپ شارائىت يارىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈمىدى بىر خىل ئاكتىپ هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، بالىغا نىسبەتەن ئۇ بىر خىل ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى يوشۇرۇن مەنىۋى كۈچ هېسابلىنىدۇ. بىراق، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بولغان ئۈمىدى زىيادە ئۈستۈن بولسا، ئەمەلىيەتتىن يىراقلىشىپ ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە پاسسىپ رول ئوينايدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىغا چوڭ ئۈمىد باغلاپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئەينى چاغدىكى غايىسىنى بالا تەرىپىدىن ئورۇنداشقا ئۇرۇنىدۇ. بىراق، چوڭ ئۈمىد بالىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەي زىددىيەت هاسىل بولغاندا، بالىدا بىزار بولۇش پسىخىكىسى هاسىل بولىدۇ.

رازىيە تاغلىق رايوندىن كەلگەن ئەلاچى ئوقۇغۇچى، ئۆگىنىش نەتىجىسى ناهايىتى ياخشى بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مەملىكەت ئىچىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بېرىشكە قىستايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇنى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە بېرىشكە نەسىهەت قىلىدۇ. ئاخىرى رازىيە ئىرادىسىگە خىلاپ هالدا نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بېرىپ ئۆتىدۇ. بىراق، روهىي كەيپىياتى تۇراقسىز بولغاچقا، مەكتەپنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئىمتىهانىدا

نەتىجىسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئىلگىرى ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ چاغلىرىدا مەكتەپ ۋە يەرلىكنىڭ «ئەلىيۇل ئەلاسى» ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ئۇنىڭغا غايەت زور بېسىم پەيدا قىلدى. ئۇ بۇ خىل بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي مەكتەپكە كىرىپ ئۈچ ئايدىن كېيىنلا بىنادىن سەكرەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. رازىيەنىڭ ئانىسى «قىزىم! مەن ساڭا زىيانكەشلىك قىلدىم! ···ئەينى ۋاقىتتا مەن سېنى مەجبۇرلىمىسام بوپتىكەن!» دەپ ئۆكسۈپ يىغلىدى.

ئەلۋەتتە بالىنىڭ «ئەلىيۇلئەلا» بولۇشىنى، «مەشھۇر زات» بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ھەممە ئادەم ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق، مۇددىئا بىلەن كونكرېت تەربىيە ئىككىسى ئىككى خىل ئىش. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدى ئۇ بىر خىل ئارزۇ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىسە، ئۇ بىر خىل چۈشتەك غايىب بولىدۇ خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەشھۇر زاتلار، ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى «نۇقتىلىق» ئالىي مەكتەپتىن ئەمەس، ئەمگەكچى خەلق ئىچىدىن، ئادەتتىكى مەكتەپلەردىن يېتىشىپ چىققان.

زىيادە چوڭ ئۈمىد باغلىسا، بالا ھەرقانچە تىرىشىپمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئورۇندىيالماي، ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقىدىن ئاغرىنىپ، ئىلگىرىلەش ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. پىسخىكا جەھەتتە مەغلۇپ بولۇشتەك بىر خىل بېسىم تۇيغۇسىنى شەكىللەندۇرۇپ، سالامەتلىكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، بالىدىن زىيادە چوڭ ئۈمىد كۈتۈش بالا ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ زىيىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

### 1. ئۆگىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ

بالا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە خۇددى «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەندەك» مۇئامىلە قىلىپ ئۆگىنىدۇ. لېكىن ئىلىم ـ

www.uyghurkitap.com

پەنىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ.

**2. كەيپىيات توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ**

ئۆگىنىشتىكى بېسىم ۋە مەغلۇبىيەت بالىنى ئوڭايلا جىددىيلەشتۈرۈپ، ئەنسىرەش، قورقۇش، ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش ··· قاتارلىق پسىخىكىلىق توسالغۇغا دۇچار قىلىدۇ.

**3. بالا خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ**

ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى بالىلارنىڭ ئىشىنىش، مۇستەقىل ئىش كۆرۈش، تىرىشىش قاتارلىق مۇھىم خاراكتېرلىرىنىڭ يېتىلىش مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە بالىلارغا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ۋەزىپە بەرگەندە، ئورۇندىيالماي ئاخىرى ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، خىجىل بولۇش، ئاغرىنىش، ئىقتىدارسىزلىق ھېس قىلىش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ.

**4. ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە زىيانلىق**

ئاتا ـ ئانا بالىنى مەجبۇرلاپ ئوقۇتسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئاتا ـ ئانا بالىدىن زىيادە چوڭ ئۈمىد كۈتسە، ئۇ بالىغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ، ئويلىمىغان ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ خىل ئاتا ـ ئانىغا بولغان تەكلىپ ـ پىكرى: ئەمەلىيەتكە ۋە بالىنىڭ ئىقتىدارىغا ھۆرمەت قىلىشنى، بالىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئىلمىي ئاساستا ئۇرغۇتۇشنى، بالىغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى تارىسى

# 25. تۇرمۇشنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىدىن باشلاپ كۆيۈنۈش

تەلىم - تەربىيە ئالدى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن چىقىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆيۈنۈش، چوڭقۇر ئەتراپلىق ئويلاپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن بالىلارنىڭ يۇمران قەلب تارىسىنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆيۈنۈش بالىنىڭ ھەربىر تاۋۇش - سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش، ھەربىر ھەرىكەتلىرىنى ھەتتا كۆز ھەرىكەتلىرىدىن تارتىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا خېلى كۆپ ئاتا - ئانىلار خىزمەت ئالدىراشلىقى، تۇرمۇش بېسىمى ياكى بېپەرۋالىق تۈپەيلىدىن بالىغا ئەتراپلىق كۆيۈنەلمەيدۇ. مۇنداق ئەتراپلىق بولمىغان كۆيۈنۈش سەۋەبىدىن بالىدا ئوڭايلا مەسىلە كۆرۈلىدۇ.

12 ياشلىق مەدىنە توققۇز ياشلىق سىڭلىسى بىلەن جېدەللىشىپ ئۇرۇشقاندا، ھاممىسى ئىككىسىنى تەڭلا تەنقىد قىلىدۇ. مەدىنە قايىل بولماي ئاچچىقلىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. مەدىنەنىڭ ئاتا - ئانىسى سىرتتا تىجارەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ ھاممىسى ۋاكالىتەن ئىككى قىزىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، جىددىيلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئىزدەيدۇ. بەختكە يارىشا كەچقۇرۇن مەدىنەنىڭ دادىسى تېلېفون بېرىپ بالىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىنلا ھاممىسى ئاندىن خاتىرجەم بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر ئەنسىزلىك پەيدا بولىدۇ، مەدىنە ئادەتتە دائىم

سىڭلىسىنى ئۇرۇپ: «ئۆيدىكىلەر ساڭىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەن بىلەن كارى يوق. مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن···» دەپ جېدەل قىلىدىغان بولۇۋالىدۇ، ھاممىسى بۇ سۆزنى مەدىنەنىڭ دادىسىغا دەپ، ئۇنىڭدىن بالىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلغانىدى. بىراق، مەدىنەنىڭ دادىسى دائىم ئوڭايسىز ھېس قىلىپ، «كىچىك بالا دېگەندە نېمە ئىش بولاتتى!···» دەپ سۆزنى رەت قىلاتتى.

بالىغا كۆيۈنۈش كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش، ئاكتىپلىق بىلەن بالىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ۋە پسىخىك ئېھتىياجىغا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىقلار بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

## 1. بالىنىڭ ئىدىيەۋى چىقىش نۇقتىسىنى چۈشىنىش

كىشىلەر «ئۆزئارا چۈشىنىش ياشىسۇن!» دەپ توۋلىشىدۇ. كۆپلىگەن جېدەل ـ ماجىرالار، مۇناسىۋەتتىكى قاتمال ھالەتلەر ئۆزئارا چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپچىقىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار دائىم ئۆز پىكرىنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ شۇنداق. بالىلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، گۈزەل ئىستەكلىرى بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇلار بۇنى قانداق ئىپادىلەشنى، ئىپادىلەش ئورنى ۋە ئۇسۇلىنى بىلەلمەي، چوڭلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ ياكى ئۇلار تەرىپىدىن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا رەت قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ يۇمران، پاك كۆڭلى ئازار يەيدۇ. ئەگەر بىز بالىنىڭ پاك قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، بالىنىڭ ھەقىقىي ئوي ـ پىكىرلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ كۆڭۈل بۆلەلىسەك، بالا ئۆزى پىكىرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ تىرىشىدۇ.

## 2. بالا ئۆچۈن ئۆز مۇھەببىتىنى بېغىشلاش

مۇھەببەت كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇقەددەس ھېسسىيات. ئاتا - ئانا بالىنىڭ مۇھەببىتىگە ھېچقانداق خۇسۇسىي غەرەز ئارىلاشتۇرماسلىقى كېرەك. چۈنكى بالىنىڭ نەزىرىدە، ئاتا - ئانا ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ پاك ئىنساندۇر. شۇڭا، ئاتا - ئانىدىن مەسىلە كۆرۈلسە، بالا ئاسانلىقچە ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ ياكى راست گەپ قىلمايدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىشىدىن قورقىدۇ. بالىغا غەرەز ئارىلاشمىغان ساپ مۇھەببەتنى بېغىشلاپ ھەقىقىي كۆيۈنگەندە، بالا ئاندىن قەلب دەرۋازىسىنى كەڭرى ئېچىۋېتەلەيدۇ.

# 26. بالىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈش

ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتا، قورۇنماي، مەنمەنلىك قىلماي، ئۆز قەلب دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتكەندىلا ئاندىن ھېسسىيات جەھەتتە ئورتاقلىشىپ، ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە بىر دەكلىك ھاسىل قىلالايدۇ. ئەپسۇسكى، بەزى ئاتا - ئانىلىرىمىز ئالدى بىلەن كۆڭلىنى ئىزھار قىلماي، بالىلىرىنى ئىزاھار قىلىشقا ئالدىرىتىدۇ. بۇ خىل باراۋەرسىزلىك مۇناسىۋەتتە ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ چوڭ توسالغۇسىدۇر.

يېقىندا ئادىل ئىشتىن قالغان ئىدى. يۈز - ئابرۇيى تۆپەيلىدىن بۇ خەۋەرنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇرمىغان. بىراق، ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىشقا چىقىدىغان ۋاقىتتا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، سىرتلاردا ئايلىنىپ كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا ئۆيگە قايتقان ئىدى. مەخپىيەتلىك ھامان ئاشكارىلىنىدۇ - دە! بىر كۈنى ئۇ ئەمدىلا ئۆيگە قايتىشىغا، قىزى رازىيە يۈگۈرۈپ كېلىپ: «دادا، كۆڭۈلسىز كۆرۈنىسەن، ئىشتىن قالدىڭمۇ - نېمە؟» دەپ سورىدى. ئادىل ھەيران قېلىپ تۇرۇپلا قالدى! رازىيە ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇ مەندىن قانداقسىگە بۇ سوئالنى سورايدۇ؟ ئۇ دەرھال ئېسىنى يىغىپ: «ياق! سەن داداڭنىڭ ئەتىگىنى ئىشقا كېتىپ، كەچقۇرۇن ئىشتىن

www.uyghurkitap.com

قايىتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دەيدۇ. بىراق، رازىيە كەينىگە قارىغىنىچە گۇمان بىلەن چىقىپ كېتىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دادىسىغا ئانچە گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە: باللارنى يەسلىدىن بىر تۇتاش خەلق باغچىسىغا ئېلىپ بارغاندا، رازىيە شۇ يەردە دادىسىنى يىراقتىن كۆرگەن ئىكەن. شۇڭا دادىسىدىن: «ئىشتىن قالدىڭمۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن رازىيە دادىسىنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىدىن بىزار بولۇپ، دادىسىنى ئانچە كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئادىل رازىيەنىڭ «كۆڭۈلدىكى ئىش» نى بىلگەندىن كېيىن، بىئارام بولدى. ئەمەلىيەتتە ئادىل ھەقىقىي ئەھۋالنى يۇرەك پارىسى بولغان قىزىغا چۈشەندۈرۈپ، پىكىر ئالماشتۇرغان بولسا، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا ھەل بولاتتى.

ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ئاتا ـ باللىق ياخشى مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش ئۈچۈن يالغۇز باللاردىن قەلب دەرۋازىسىنىلا ئېچىۋېتىشنى ئۈمىد قىلماي، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىمۇ ئۆز قەلب سۆزىنى ئاشكارىلىشى، راست گەپ قىلىپ چۈشەندۈرۈش بېرىشى زۆرۈر. ئۇنداقتا، بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؟

## 1. خۇشاللىقتىن بالا بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىش

بىر پەيلاسوپ مۇنداق دېگەن: «خۇشاللىق باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشسا كۆپىيىدۇ. قايغۇ ـ ھەسرەت ئورتاقلاشقۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىلسە كېمىيىدۇ.»

ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ـــ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت، ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىغا نىسبەتەن راست گەپ قىلىپ كۆڭلىدىكى سۆزنى ئىپادىلىسە،

قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا بىرگە بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بالا ئاتا ـ ئانىسىغا تېخىمۇ ئىشىنىدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ئىزھار قىلىدۇ.

**2. پەرزەنتلىرىڭىزمۇ خىزمەت ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تاپسۇن**

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلىرىغا: ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىنچىكىلىك تەرەپلىرىنى، ئەھمىيىتىنى، دۆلەت ۋە خەلققە بولغان پايدىسىنى ئېنىق ئىپادىلىشى لازىم. كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار ھازىرقى بالىلاردىن ئىسراپخور، شەخسىيەتچى، چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىپ بۇزۇپ چاچىدۇ، دەپ ئاغرىنىدۇ. بىراق بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جاپالىق ئىشلەپ، تېجەپ تېپىۋاتقان ئىقتىسادىنى بىلمىگەچكە، پۇل بىلەن خىزمەت مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشنى بىلمەيدۇ. بالىلار بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ قانداق تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئائىلىنى تېجەشلىك بىلەن باشقۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بالىغا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

**3. «مەخپىيەتلىكىڭىز» نى بالىدىن يوشۇرماڭ**

كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار، بالىلار تېخى كىچىك، ئىش بىلمەيدۇ، دەپ بىر قىسىم ئىشلارنى، بولۇپمۇ «مەخپىيەتلىك» نى ئۇلارغا ئېيتىشنى خالىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل «مەخپىي» ئىشلاردا بالا بىلەن ئورتاقلاشسىڭىز، بالىنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچىسى، ھۆرمىتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بالىمۇ ئۆز قەلبىدىكى ئىشلارنى سىزگە ئاشكارىلاپ، راست گەپنى قىلىدۇ.

**4. بالىدىن كۈتكەن ئۈمىدىڭىزنى بالا چۈشەنسۇن**

بالىدىن كۈتكەن ئۈمىد زىيادە چوڭ بولماسلىقى لازىم، زىيادە

چوڭ بولسا بالىغا ئوڭايلا بىسىم پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆتكەن ئۈمىدى بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشى لازىم. شۇنداقلا ئاتا ـ ئانا بۇ خىل ئۈمىدنى بالىغا قارىتا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشى، بالىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى زۆرۈر. شۇندىلا بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## 27. بالىنىڭ ئىشىنى ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىش

ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالا بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى ياخشى كۆرسە، بالىمۇ خۇشاللىق بىلەن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالايدۇ. ئەكسىچە بولسا، بالىدا بىزارلىق تۇيغۇسى شەكىللىنىپ، لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالىدۇ. بالىنىڭ ئىشىنى بالا بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئائىلىدىكى بىر قىسىم ئۇششاق جېدەل ـ ماجىرالاردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ.

پەرزەنتلەرگە بولغان تەربىيەدە، مۇھىم بىر تەرەپ، بالىلارغا قويغان پىكىر ۋە تەلەپلەردە قانائەت هاسىل قىلمىساق، قوپاللىق بىلەن: «ياق! بولمايدۇ!» دەپ ياكى ئاتا ـ ئانىلار قويغان تەلەپكە پەرزەنتلەر قوشۇلمىغاندا، ئاددىي يوسۇندا رەت قىلىنسا بولمايدۇ. بالىلار يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى، قىزىقىدىغىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان قاراشلىرىدىمۇ ئىختىلاپلار كۆپىيىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى ئاددىي يوسۇندا رەت قىلسا ياكى چەكلىسە بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى يوللۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بالىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىش كېرەك.

تۆۋەندە كورېيەلىك بىر ئانىنىڭ بالىسى بىلەن بولغان «مەسلىھەتلىشىش» ھېكايىسىنى تونۇشتۇرىمىز:

بىر قېتىم بالام بىلەن بىرلىكتە تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىغا كىردىم. ئەسلىدە بالام مەن بىلەن بىرگە ئايلىنىپ

www.uyghurkitap.com

كىلىشنى، ھېچقانداق نەرسە سېتىۋالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىراق، سودا سارايى ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ بىر دانە قىممىتى 100 مىڭ يوەن كورېيە پۇلى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 700 يوەن ئەتراپىدىكى) ماشىنا ئادەم ئويۇنچۇقىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماڭا يېپىشتى. ئۇ بىر تەرەپتىن دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى سېتىۋالغان دېسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ماڭا يېلىندى.

بۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى لايىق كۆردۈم:

ئالدى بىلەن مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن رەت قىلماستىن، زىددىيەتنى پەسەيتىشنىڭ بەزى سەۋەبلىرىنى ئىزدىدىم. «بالام! ئويۇنچۇق سېتىۋېلىش ئەلۋەتتە ياخشى! ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلنى ئاچالايسەن! بىراق باھاسى بەك قىممەتكەن، ئۇنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» بالام بىلمەيمەن، دېدى. مەن ئارقىدىنلا ئۇنىڭ باھاسىنى ئېيتقاچ بالامغا: «بالام، داداڭ تاپقان پۇل ئانچە كۆپ ئەمەس، بىز ئۇ پۇلغا گۆرۈچ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك سېتىۋالىمىز. ئەگەر ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىگە ئويۇنچۇق سېتىۋالساق، ئۇنداقتا بىز نېمە يەيمىز؟ يېگىلى تاماق بولمىسا بولامدۇ؟...»

بالا مەندىن پۇلنىڭ قىممىتىنى سورىدى. مەن 100 مىڭ يوەن كورېيە پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، بالا چۈشىنەلەيدىغان سان ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، 100 مىڭ يوەن كورېيە پۇلىنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

بالا دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنگەندەك ھېس قىلىپ، رەڭگىدە ئاز - تولا خىجىللىق ئالامىتى كۆرۈلدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ مەندىن ئاستا سورىدى: «بىزنىڭ قوشنىمىز بالىسىغا نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىممەت ئويۇنچۇقنى ئېلىپ بېرىدۇ؟

— قوشنىمىز بىزدىن بايراق، ئېھتىمال ئۇ بەلكىم تۇغۇلغان كۈندە قىلىنغان سوۋغا بولسا كېرەك، ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە ساغىنمۇ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

گەرچە بالىنىڭ چىرايىدا ئاز - تولا ئەپسۇسلىنارلىق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن چىرايىدىن ئۇنىڭ چۈشىنىش ھاسىل قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.»

بالا بىلەن ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىدىغان ئاتا - ئانا دېموكراتىك ئاتا - ئانا، بۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولغان بالا تەدرىجىي ھالدا باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان دېموكراتىك ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا، ئاتا - ئانا بالا بىلەن قانداق مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؟

## 1. مەسلىھەتلىشىش كۆپرەك، بۇيرۇق كەمرەك بولۇش

ئاتا - ئانا بالىدىن نېمە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلماقچى بولسا، بۇيرۇق چۈشۈرمەستىن چوقۇم مەسلىھەتلىشىش تەلەپپۇزى بويىچە سۆزلىشىش كېرەك؛ مەسىلەن: بالىدىن تاپشۇرۇق ئىشلەشنى تەلەپ قىلماقچى بولسا، «ھازىر تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋاقتىغۇ دەيمەن، تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولۇپ، بىردەم تېلېۋىزور كۆرەرسەن؟» دەپ يۇمشاقراق سۆزلىشىشى، ئەكسىچە، تاپشۇرۇقىڭنى ئىشلە! تاپشۇرۇق ئىشلىمەي، نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسەن؟!» دېمەسلىكى لازىم.

## 2. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى يىرىكلىشىشنى مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىش

ئاتا - بالا ئۆزئارا يىرىكلەشكەندە، ئاتا - ئانا دائىم ئۆز نوپۇزىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىنى خالىماي، ھەيۋە ئارقىلىق بالىنى باسماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالا بويسۇنمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بىزار بولۇش پسىخىكىسى كۈچىيىپ

مۇناسىۋەت تېخىمۇ يېرىكلىشىدۇ. زېرەك ئاتا ـ ئانىلار بۇ خىل ئەھۋالدا مەسلىھەتلىشىش تەلەپپۇزىنى قوللىنىپ، بالىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەندە، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى ئاسانلىشىدۇ.

### 3. بالا بىلەن كېلىشىپ مىزان تۈزۈۋېلىش

بالا بىلەن مىزان تۈزۈش بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلىشى ئۈچۈندۇر. بالىنىڭ بولمىغۇر ئىللىتىنى ئۆزگەرتىشتە، چوقۇم بالا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بالىنىڭ قايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ تۈزۈش، ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىغا يەكۈن چىقارماسلىقى لازىم.

# 28. قاتماللىقتىن ساقلىنىپ تەبىئىيلىككە ئېتىبار بېرىش

بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى كۆپرەك بىلىم ئۆگەنسۇن دەپ، ئۇلارنى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئىلگىرىكى قاتماللىقتىن، ھەتتا «ئازابلاش شەكىللىك» مائارىپ ئەندىزىسىگە چوقۇنۇپ «باللار ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇسىلا تالانتلىق بولۇپ چىقىدۇ» دېگەن ئىدراكىي بىر تەرەپلىمە قاراشتا توختاپ قالغان.

مۇنداق قىلىش باللارنى تاق كىشىلىك كۆۋرۈككە قىستىغانلىق. بىراق ئاتا ـ ئانىلار شۇنى بىلىش كېرەككى، ئادەم ـــ ماشىنا ئادەم ئەمەس! ئۇنداق قىلىش باللارغا بىلىم «تولۇقلاش» بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان تەبىئىيلىكىنى يوققا چىقىرىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي پاكىتلار باللارنىڭ كۆتۈرۈش كۈچى قۇۋۋىتىنى ئويلاشماي ئىزچىل يوسۇندا قاتمال مائارىپنى قوللىنىشنىڭ ئەخمەقلىقىنى، ھەتتا باللارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنى باللارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، ئۆگىنىشىنى ئۆزلەشتۈرۈش كۈچى قاتارلىق تەبىئىي بەدەن ئالاھىدىلىكى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. مەلۇمكى، باللارنىڭ تەبىئىتى ئويۇنغا ئامراق بولغاچقا ئاتا ـ ئانىلار مۇئەييەن ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇلارنى قانغۇدەك ئوينىتىش لازىم، ئۇلار پەقەت ئويۇن جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى چېنىقتۇرىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، ئۆگىنىش

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئويۇن زىددىيەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ياخشى ئويۇن بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېغىشلايدۇ. ئويۇنمۇ بىر خىل بىلىم. بىر قىسىم بىلىملەر، تۈرلەر، ئىجادىيەتلەر ئويۇن ئويناش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: دوختۇرلار دائىم بوينىغا ئېسىپ يۈرۈيدىغان تىڭشىغۇچ مۇئەييەن ئويۇن ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق: مەلۇم بىر دوختۇر بالىسىنى باغچىغا ئېلىپ كىرىپ لىڭگىرتاق ئوينىتىدۇ. لىڭگىرتاقنىڭ بىر ئۇچىدا بالىسى، يەنە بىر ئۇچىدا دادىسى ئويناۋېتىپ، تۇيۇقسىز لىڭگىرتاقنىڭ ئۇچىغا قۇلىقىنى ياقاندا، لىڭگىرتاقنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئويناۋاتقان بالىنىڭ ھەرىكىتىدىن چىققان سادانىڭ دادىسىنىڭ قۇلىقىغا روشەن ئاڭلىنىشى دادىنى ئويلاندۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۇ قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپتە ياغاچتىن كاناي شەكىللىك ئۇزۇن تىڭشىغۇچنى ياساپ، بىمارلارنىڭ نەپەس يولى ۋە يۈرەك ھەرىكىتىنى تىڭشايدۇ. ئۇ ئۇزاق زامانلار ئۆزگەرتىلىپ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھازىرقى زامان ئىلغار تىڭشىغۇچ مەيدانغا كېلىدۇ.

بالىلارنىڭ تەبىئىي ئۆسۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاتا ـ ئانىلار تۆۋەندىكى «ئۈچ ئۇقۇشماسلىق» تىن خالىي بولۇشى لازىم:

**1. «بالىنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشىنى بالىدا مەسىلە بولغانلىقىدىن» دەپ قاراش**

ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشىمۇ بىر خىل ئۆگىنىش، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بۇ خىل ئەھۋالنى بىلمەي بالىدىن ئەنسىرەپ دوختۇرغا كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ ئۇ خىل ھەرىكىتى بىر خىل ئۆگىنىش ھالىتىدە تۇرغانلىقىدىن كەلگەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ئۆگىنىش ـــ ئىچكى

ئۆگىنىش ۋە سىرتقى ئۆگىنىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىكەن. سىرتقى ئۆگىنىش بىر خىل تېخنىكىلىق ئىقتىدار ئۆگىنىش بولسا، ئىچكى ئۆگىنىش بىر خىل ئىستىخىيەلىك ئاڭسىز ئۆگىنىش ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا، بالىنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشى، ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ ئىچكى ئۆگىنىشى بولۇپ، ئۇ چوڭ مېڭىسىنىڭ بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى رەتلەپ، پىششىقلاپ ئىشلەۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

## 2. ئىقتىدار كۈچىنى سىناشقا «چوقۇنۇش»

ئىقتىدار كۈچىنى سىناش پەقەت بالىنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئىقتىدارىنى سىناشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر پەقەت مۇشۇ بىر تەرەپتىكى سىناق نەتىجىسىگە ئاساسلىنىپلا بالىغا «دۆت ياكى زېرەك» دەپ ھۆكۈم قىلىنسا؛ بالىنىڭ باشقا تەرەپلەردىكى ئىقتىدارىنى يوققا چىقارغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ، بالىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىز.

## 3. ھەرىكتى: «ئاستا» بالا «دۆت بالا» ئەمەس

بەزى بالىلارنىڭ ھەرىكتى ياكى بىرەر نەرسىنى ئۆگىنىش سۈرئىتى ئاستىراق. يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىقى قىيىنراق. بەزىلەر مۇنداق بالىلارنى دۆتىرەك دېيىشىدۇ. بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ مۇنداق ئاستا بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇ خىل بالىلارنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۇزۇنراق بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى ئۆگىنىشىنىڭ بىر خىل ئادەت شەكلى.

# 29. بالىنىڭ «ھۆكۈمرانى» بولماسلىق

جەمئىيەت ھەربىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئادىللىق تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، يەنە نېمە ئۈچۈن بەزى ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا نىسبەتەن ئادىل بولالمايدۇ. ھەتتا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يات ئادەملەرگە ئوخشاپ قالىدۇ.

بۇلار ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا چۈشەنمەسلىكىدىن بولغان. بالا، ئاتا ـ ئانىنى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمران دەپ قارىسا، ئاتا ـ ئانا بالىنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان گۆدەك، دەپ تونىغان.

ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆز ئوي ـ پىكرىنى بالىنىڭ چۈشىنىش ـ چۈشەنمەسلىكىگە قارىماي زورلاپ تېڭىشى ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

شۇڭا، ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ گەپ ئاڭلىماسلىقى ۋە كەپسىزلىك خاھىشىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، چوقۇم ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى، ئېگىزدە تۇرۇپ بالىغا تۆۋەن نەزەردە قارىماسلىقى، باراۋەر، سەمىمىي ئورۇندا تۇرۇپ بالا بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشى لازىم.

مەرپۇغەنىڭ 16 ئايلىق قىزى تولىمۇ تاتلىق، تېلېۋىزور كۆرىدۇ، ئۆمىلەيدۇ، ناھايىتى ئوماق. يەسلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان مەرپۇغە بالىنى «ئەركە» ئۆستۈرۈشنىڭ زىيىنىنى ئوبدان بىلگەچكە، بالىنى قاتتىق باشقۇرۇشنى ئويلايدۇ. بىراق، بالىنىڭ دادىسى: «بالا تېخى كىچىك، ئۇنىڭ رايىغا باقايلى» دېگەچكە، مەرپۇغە نىيىتىدىن يانىدۇ. بىراق مۇنداق بىر ئىش مەرپۇغەگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قاتتىق تەسىر قىلىدۇ:

بىر كۈنى كەچقۇرۇن سائەت ئون بولغاندا، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە قاتتىق ئىشلەپ چارچىغان مەرپۇغە ئۇخلىماقچى بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ قىزىنىڭ پەقەت ئۇخلاشقا رايى يوق. مەرپۇغە: «ئوماق بالام! ئۇخلاڭ قوزام ···» دەپ ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتقان بولسىمۇ، قىزى «ياق» دەپ بېشىنى سىلكىپ ئويۇنچۇق ئوينىماقچى بولىدۇ. مەرپۇغە قىزىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، ئورنىغا ياتقۇزۇپ چىراغنى ئۆچۈرىدۇ. بىراق، قىزى يىغلىغان پېتى يوتقاننى تېپىپ ئېچىۋېتىدۇ. مەرپۇغەنىڭ ۋارقىراپ تىللىشى بىلەن قىزى تېخىمۇ ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ. مەرپۇغەنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قىزىنىڭ كاسىسىغا ئىككى شاپىلاق ئۇرىدۇ. قىزى تېخىمۇ يىغلاپ بىر قولىدا ئانىسىنى پالاقلىشتىپ ئۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىزىدا ئاللىقانداقتۇر بىر نېمىلەرنى دېگەندەك قىلىپ سۆزلەپ كېتىدۇ. بالىنىڭ بۇ ھەرىكىتى مەرپۇغەنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ: بالا گەرچە كىچىك، سۆزلىيەلمىسىمۇ، ئۇنىڭدا مۇستەقىللىق ئېڭى مەۋجۇت. بۇ ئىشتىن مەرپۇغە بالا ئۆزى خالىمىغان ئىشنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلاپ قىلدۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

بالا ئۆسۈش جەريانىدا خاتالىشىشتىن خالىي بولالمايدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا كېيىمرىنى تاشلاپ، بالىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى لازىم.

### 1. ئاتا ـ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنداش

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىنى ياخشى ئورۇنداپ، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئىللىق، بەختلىك، ئىناق ماكان يارىتىشى كېرەك. خىزمەت ئالدىراشلىقى ياكى بالىلىرىنىڭ كەپسىزلىكى تۈپەيلىدىن قېيىداپ ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىقى شەرت.

## 2. بالىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئۇستازى بولۇش

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئۇستازى، بالا تېخى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، دىققەت كۈچى، كۆزىتىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز، ئۇلار بىر مەزگىل تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىغا ئېھتىياجلىق. بۇ جەرياندا ئۇستاز بولغۇچى بالىنىڭ ئۆسۈشى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇپ، بالا نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا قانداق ياردەم بېرىش ··· قاتارلىق تەرەپلەردە سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەش زۆرۈر.

## 3. بالىنىڭ سىرداش دوستى بولۇش

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ سىرداش دوستى، ھازىرقى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى يالغۇز پەرزەنت، دوستلىرى كەم بولغاچقا زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلىنىپ، بالىلارنىڭ خۇشاللىقىغا، غەم ـ ئەندىشىسىگە ئورتاقلىشىش لازىم.

## 30. بالىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش

دۇنيادىكى مەشھۇر پېداگوگ سېتېننا خانىم مۇنداق دەيدۇ: «غۇرۇر ئادەم پەزىلىتىنىڭ ئاساسى. ئەگەر ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالدىغان بولسا، ئادەمنىڭ پەزىلىتى ۋەيران بولىدۇ.» ھەربىر ئادەمدە غۇرۇر بولىدۇ. بالا ئوخشاشلا بىر مۇستەقىل گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىگە خاس غۇرۇرىغا ئىگە.

ھازىر بەزى يەسلى ۋە مېھمان - سارايلار بالىلارنى قەدىرلەپ، ياتاق ئىشىكلىرىگە، تۇتقۇچلىرىغا: «بالىلار ئارام ئېلىۋاتىدۇ، كاشىلا قىلمىساڭلار ياكى ئالدىن ئۈچ قېتىم ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن كىرىڭلار» دەپ يېزىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى بالىلارنى قەدىرلەۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

بىر ئانا ئۆزىنىڭ بالىسى بىلەن بولغان بىر مەزگىللىك كەچۈرمىشلىرىنى ئۇۋالچىلىق بىلەن تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

قىزىم، مېنىڭ ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشۈم بىلەن تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ مېنىڭ يېقىن سىرداشىم ئىدى. بىراق ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن مەن بىلەن ئاز پاراڭلىشىدىغان بوپقالدى. مەن ئۇنىڭدىن مەكتەپتىكى ئىشلارنى سورىسام، ئۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا «سەن بىلمەيسەن» دەپ رەت قىلاتتى.

بىر كۈنى مەن، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى تارتمىغا قۇلۇپ سېلىنغانلىقىنى بايقاپ: «ئەجەبا! ئەمدىلا 14 ياشقا قەدەم قويغان كىچىككىنە قىزىمۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرىدىغان

مەخپىيىتى بارمۇ؟ …»دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ ئائىلىدە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، تارتمىسىنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ ئىچىگە قارىدىم؛ ئىچىدە مەكتەپتىكى كۈندىلىك خاتىرىسى، بىرقانچە پارچە سۈرەت، بىر ـ ئىككى پارچە رومان كىتابلار بار ئىكەن. «تاپتىن چىققان» ھېچقانداق مەخپىيەتلىك يوق. بىراق ئۇ، بۇ ئىش ئۈچۈن مەن بىلەن سوقۇشتى، ئەينى ۋاقىتتىكى مېنىڭ سىرداش يېقىن قىزىم بارغانسېرى مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ئالاقزەدە بولدۇم…

بۇ خىل ھادىسە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدىكى سۈركىلىش بارغانسېرى روشەن گەۋدىلەنمەكتە. بالىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، چوڭلارنىڭ بالىغا بولغان ئىشەنچىسى سۇسلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بارغانسېرى ئەنسىزلىك قاپلىماقتا. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تېلېفوننى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان، خاتىرىسىنى كۆرىدىغان، ھەتتا شەخسىي رازۋېدچىك ياللاپ ئارقىسىغا چۈشۈرىدىغان بىنورمال ھەرىكەت ئارقىلىق بالىسىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئەھۋاللار كۆپەيمەكتە.

بالىلار چوڭ بولغانسېرى باشقىلارغا ئېيتقىلى بولمايدىغان مەخپىيەتلىكى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. گەرچە بالىلارنىڭ قەلب دۇنياسىنىڭ ئىچكى سىرلىرىدە توغرا ياكى خاتا نەرسىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بالىلارنىڭ چوڭ بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن يوشۇرۇنچە «مارايدىغان» ئىشلارنى قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشى، مەخپىيەتلىكىنى ساقلىشى كېرەك. ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانا بالىلارنىڭ شەخسىيىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىم؟

www.uyghurkitap.com

## 1. بالىلارنى يوشۇرۇن نازارەت قىلماسلىق ۋە كۆزەتمەسلىك

بالىلارنىڭ شەخسىيىتىنى يوشۇرۇن كۆزىتىش، تەكشۈرۈش ··· ھەتتا ئەيىبلەپ ھاقارەتلەش ··· قاتارلىقلار بالىنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارغا ئېغىر مەنىۋى بېسىم پەيدا قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا، بالىلىق مۇناسىۋەت يىرىكلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئەركىنلىك بېرىش، بىراق مەيلىگە قويۇۋەتمەي ئاكتىپ يېتەكلەش لازىم.

## 2. تەشەببۇسكارلىق بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ بالا بىلەن سۆزلىشىش

ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بالىنىڭمۇ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ سىردىشىشى، ئۆزىنى بالىنىڭ ئىشەنچلىك دوستىغا ئايلاندۇرۇشى زۆرۈر.

## 3. بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

بالىنىڭ شەخسىيىتىگە تەئەللۇق ئۈچۈرلاردىن ئىگىلىگەن بەزىبىر تەرەپلەردە تاپتىن چىقىپ كېتىدىغان قىلمىشلار بولسىمۇ، ھەرگىز چېچىلماسلىق، ئورۇپ ـ تىللىماسلىق، ئەكسىچە بالا بىلەن باراۋەر ئولتۇرۇپ، غايە، نىشان، مەقسەت، ئەخلاق، كىشىلىك كۆز قاراش، قىممەت قارىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بالىنىڭ ئۆز ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تەكشەش ۋە ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش كېرەك.

## 4. بولمىغۇر ئىشلىرى ئارقىلىق بالىنى چۈشىنىش

مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، بىر قىسىم ساغلام بولمىغان خاھىشلار بالىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ ئۇلارنى چىرىتىشكە باشلايدۇ. مەسىلەن: تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، ناشايان كىشىلەر بىلەن دوستلىشىش، ئۆيگە كەچ قايتىش ياكى كېچىچە قايتمايدىغان، بالدۇر مۇھەببەتلىشىدىغان

··· قاتارلىق ئەخلاقىي ـ پەزىلەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاتا ـ ئانا بالدۇرراق كۆزىتىپ ئىگىلىشى، بۇ مەخپىيەتلىكنى بالىنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەشنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشى لازىم.

## 5. بالىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشى

بالىنىڭ ياش قۇرامىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ بالىنىڭ مۇستەقىل ئادەمىلىك خۇسۇسىيىتىمۇ شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. بالىنىڭ «مەخپىيەتلىكى» تېخىمۇ كۆچىيىدۇ ۋە كۆپىيىدۇ. مەسىلەن: كۈندىلىك خاتىرە، خەت ـ چەكلەر، ساۋاقداشلىرى بىلەن سۆھبەت ۋە مەزمۇنلار······قاتارلىقلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا ئېيتىشنى خالىمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆزلىشىشى، باراۋەر، دېموكراتىيە، ئۆزئارا چۈشىنىش ئاساسىدا بالا بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشى لازىم. مۇنداق قىلغاندا بالا ئاتا ـ ئانا بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە تورمۇشتىكى ئىشەنچلىك دوستى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ «ئىچكى سىرلىرىنى» قالدۇرماي ئاتا ـ ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن.

ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىچكى سىرلىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇشى، ھۆرمەتلىشى، بالىنىڭ شەخسىي غۇرۇرىنى قوغدىشى لازىم.

# 31. بالىنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىش

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزگىچە قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى بولىدۇ. قىزىقىش ۋە ياخشى كۆرۈش شۇ ئادەمنىڭ ئىختىيارىچە بولمىسا، تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولمىغىنىدەك، مەجبۇرلىغىلى بولمايدۇ.

بۇ، ئاتا ـ ئانىلارغا ناھايىتى ئايدىڭ مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن بالىلىرىنىڭ ئۇ خىل قىزىقىشىغا مۇجمەل قارايدۇ. بەزىلەر ئۆز بالىسىنىڭ قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرىدىغىنىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ.

مەسىلەن: ناخشا تولاشقا قىزىقىدىغان بالىنى ئۇسسۇل ئويناشقا مەجبۇرلاش، مۇزىكا چېلىشقا ھەۋەس قىلىدىغان بالىنى رەسىم سىزىشقا زورلاش، ئۆتەك تىكىشكە ئامراق بالىنى ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاش ··· قاتارلىقلار.

كىشىلەر ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشقا كۆپىنچە پۈتۈن جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا نەتىجىسىگە ئېرىشىش قىيىن بولىدۇ. بالىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنىڭ ئاتا ـ ئانا تەرىپىدىن خالىغانچە نابۇت قىلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

تۇرمۇشتا خېلى كۆپ ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرۈشىگە پىسەنت قىلماي، بالىلارنىڭ قىزىقىش ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ. نەتىجىدە، بالىنىڭ تەرەققىيات يولىنى چۈشەپ قويىدۇ.

شۇنداقلا يەنە بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىسمۇ، لېكىن قايسى تەرەپتىن ھۆرمەت قىلىشنى، قانداق قوللاپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدۇ. تۆۋەندە قانداق قوللاش جەھەتتە مەسلىھەت كۆرسەتمەكچى:

**1. بالىنىڭ ياخشى كۆرۈش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش**

بالىلاردا ياخشى كۆرۈش ۋە قىزىقىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار خالىغانچە ئارىلاشماسلىقى لازىم.

**2. بالىنىڭ ياخشى كۆرۈش ۋە قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىش**

بۈگۈنكىدەك رەڭگارەڭ تۇرمۇشتا، ئادەملەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە قىزىقىشى تولۇق تەرەققىي قىلماقتا. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە، ئومۇمىيۈزلۈك ئەركىن تاللاش ھوقۇقى مەۋجۇت. كىيىم ـ كېچەك پاسونى غەيرىي بولمىسىلا، ناخشا، پىلاستىنكىلار شەھۋانىي، چاكىنا بولمىسىلا، بالىنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئېتىراپ قىلىش ۋە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، بالىنى مۇۋاپىق ھالدا ئالىيجاناب ئەخلاققا يېتەكلەش زۆرۈر.

**3. بالىنىڭ ياخشى كۆرۈشكە خالىغانچە ئارىلاشماسلىق**

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرۈشكە ئارىلىشىشتىن ئىلگىرى، بالىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشى؛ ئەگەر ياخشى كۆرۈش ۋە قىزىقىشى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرەر خىل قىزىقىشنى تاللىشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

## 32. بالىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەركىن ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىش

ساغلام ئادىمىيلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئادەم ئەركىن ئادەم. ئەركىنلىك بىر ئادەمنىڭ ئاساسەن ئەركىن تاللىشى ۋە ئۆزى ھەرىكىتىنى خالىغىنىچە ئورۇنلاشتۇرۇشىدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەركىنلىك تۇيغۇسى ئۆزىچىلا پەيدا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى بالىلىق مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇشتىن بارلىققا كېلىدۇ.

بالىنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاتا - ئانا ئارىلاشماسلىقى ۋە چەكلىمە قويماسلىقى شەرت. بالىنىڭ نېمە ئىش قىلىشىنى بالىنىڭ ئۆزى بەلگىلىسۇن، يالغۇز يۈرسىمۇ، ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلسىمۇ، دوستلىرى بىلەن پاراڭلاشسىمۇ، ئويۇن كۆرسىمۇ، سەيلە قىلسىمۇ … بولۇۋېرىدۇ. بۇ قارىماققا ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە ئەتراپتىكى دۇنيانى چۈشىنىدۇ. ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ماس ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەر خىل ساپاسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.

تۆۋەندە بىر يەسلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ خاتىرىسىدىن بالىلارنىڭ «ئەركىن ۋاقىت» قا تولىمۇ تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز.

يەسلى تۇرمۇشى غەم - ئەندىشىسىز، خۇشال - خۇرام

بولۇشى شەرت. بىراق ئائىلە باشلىقى ۋە يەسلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بالىلارغا قويغان زىيادە تەلىپى، يەنى بالىلارنى كۆپرەك «بىلىم ئۆگەنسە» دېگەن ئۈمىدى يەسلىنى ماھىيەتتە بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ئەتىگەن ـ كەچكىچە بالىلارنى سىنىپقا سولىۋېلىپ دەرس ئۆگەتكەن ياكى مۇزاكىرە قىلدۇرغان. بالىلارغا بولغان بېسىم زىيادە ئارتۇق بولغاچقا، بالىلار يەسلىدىن بىزار بولۇپ بارغىلى ئۇنىمىغان.

بىر قېتىملىق باغچە پائالىيىتىدە، ئادەتتە كۆپرەك سۆزلەيدىغان بىر يەسلى ئوقۇغۇچىسى مۇئەللىمىدىن بىردەم ئويۇن ئويناشنى ئۆتۈندى، ئوقۇتقۇچى كۆپلىگەن بالىلارنىڭ چۇرقۇرۇشۇپ ئويۇنغا قىزىقىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ ماقۇل بولدى. بالىلار خۇشاللىق بىلەن بىرقانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، مۆكۈمۆكىلەك، دوپپا قويدى، مۈشۈكنىڭ چاشقان تۇتۇشى … قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ، ئادەتتە سىنىپتا جىمجۇر ئولتۇرىدىغان، ئانچە گەپ ـ سۆز قىلمايدىغان بالىلارمۇ ئويۇندا چۇقان سېلىپ خۇشال ـ خۇرام سەكرىشىدۇ. سەبىي بالىلارنىڭ رۇخسارىدىكى كۈلكە، يېقىملىق سادالىرى ئۆتكەن ـ كەچكەن كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى سىنىپ ئىچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا غايەت زور پەرقلىنىدۇ. جىمجۇر، خاپا، ھەتتا يىغلاۋاتقان ھالىتىدىن قىلچە ئەسەر يوق. ھەممىسى خۇش، سەكرىشىپ ئويناۋاتقان. بالىلارنىڭ «قولايلىق يارىتىپ بېرىڭ! ئەركىنلىك بېرىڭ! …» دېگەن سۆزلىرى ھەرگىز ئارتۇقچە ئەمەس ئىكەن.

شۇڭا، بارلىق ئاتا ـ ئانىلار كونا قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بالىلارغا يېتەرلىك ۋاقىت بېرىپ، بالىلارنىڭ بۇ ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز ماھارىتىنى ئىپادىلەيدىغان شارائىت

يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

قاندىداق قىلغاندا بالىلار ئۆزىنىڭ ۋاقتىغا ئۆزى ئىگە بولالايدۇ؟ تۆۋەندە بىرقانچە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويماقچى:

## 1. ھەر كۈنى بالىلارغا ئۆزى پايدىلىنىدىغان ئەركىن ۋاقىت بېرىش

بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ بىكار تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بالىلار تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭغا رەسىم سىزىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، رەسىم سىزىپ بولغاندىن كېيىن، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، تىل ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن رويال چېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئۇلانغان ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىمىگەن. نەتىجىدە، بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىرادىسى ۋە تەپەككۇرى يوقىلىپ، بىر ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. ئاتا - ئانىسىنىڭ جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ بارغانسېرى پاسسىپ ئۆسۈملۈك ئادەمدىن بولۇپ قالغان. شۇڭا، بالىلارغا ھەر كۈنى مۇئەييەن ئەركىن ۋاقىتنى ئاجرىتىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر.

## 2. ئۆگىنىش ۋاقتى بىلەن ئويۇن ۋاقتىنى ئايرىۋېتىش

بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلاردىن بىر تەرەپتىن خەت يېزىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئويناپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ، دەپ ئاغرىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ناچار ئىللەتنى ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزى يېتىلدۈرگەن. چۈنكى بالىلارغا ئويناش ۋاقتى بەرمەي، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرنى قىستاپ ئورۇنلاشتۇرغاچقا، بالىلاردا ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى شەكىللىنىپ، ئوڭايلا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ناچار ئىللەت پەيدا بولغان. ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئەركىن ۋاقتى بولمىغاچقا، ئامالسىزلىقتىن

ئۆگىنىش ئىچىگە ئويۇننى قىستۇرغان.

**3. بالىنىڭ ئەركىن ۋاقتى مەسئۇلىيەت ئىچىدە بولۇش**

ھەربىر ئادەم ئەركىنلىككە موھتاج، بالىلارمۇ ھەم شۇنداق، ئەركىنلىك بولمىسا، ئىجادىيەت بولمايدۇ، دېموكراتىيە بولمايدۇ. ئەتراپلىق، تولۇق تەرەققىي قىلالمايدۇ. بىراق، ئەركىنلىك چەكسىز بولمايدۇ. ئۇ مۇئەييەن چەكلىمە ۋە مەسئۇلىيەت ئىچىدە بولۇشى زۆرۈر.

# 33. ئىما ـ ئىشارە بىلەن ئۆلگىلىك بالا ئوبرازىنى تىكلەش

پېداگوگىكا ئۇستازى سۇخوملىنىسكى مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر تەربىيەلەش ھادىسىسىدە، بالىلار تەربىيەلىگۈچىنىڭ مۇددىئاسىنى قانچە كەم ھېس قىلغانسېرى، ئۇنىڭ تەربىيەلەش ئۈنۈمى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.»

شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا بولغان تەربىيەدە ئۇ خىل ئادەمنى بىزار قىلىدىغان «تەلەپ، بۇيرۇق، چوقۇم···» سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا «ئىلھام بېرىش، دارتىملاش، مەسلىھەتلىشىش···» قاتارلىق سۆزلەرنى قوللىنىشى لازىم.

نازىلە بۇ يىل توققۇز ياش، ئۇ ئادەتتىكى بالىغا ئانچە ئوخشىمايتتى، يەنى يېقىندىن بۇيان، نازىلەدە ئانىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئاز بولمىغان قىلىقلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن: دەرسكە قاتناشماسلىق، ئويۇنغا بېرىلىش، جاھىل، شەخسىيەتچى، يالغان سۆزلەش ··· قاتارلىقلار. ھەتتا قوشنىلارمۇ نازىلەنى باشقۇرۇش بەك تەس دەپ قارىدى.

نازىلەنىڭ ئانىسى قىزىدا نېرۋا جەھەتتە كەمتۈكلۈك بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ بىرقانچە دوختۇرخانىلاردا قايتا ـ قايتا تەكشۈرتتى. ھەممىسىنىڭ دىياگنوزى ئوخشاش، نورمال بالا بىلەن پەرقى يوقلۇقى ئىسپاتلاندى. دوختۇرنىڭ تەكلىپى بىلەن نازىلەنىڭ ئانىسى ئىلگىرىكى نامۇۋاپىق تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىما ئارقىلىق تەربىيەلەش شەكلىنى قوللانماقچى بولدى.

بىر جۈملە سۆز، بىر خىل ھەرىكەت، بىر كۆز ئىماسى، نازىلەنىڭ ئانىسى ئالدى بىلەن ھەرىكەت ئىماسىنى پىششىق بىلىۋېلىپ، ئاندىن نازىلەگە ئاستا ـ ئاستا ئۆگەتتى. يېرىم يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان ئىما تەربىيەسى ئاستىدا، نازىلە خۇددى يېڭىدىن ئۆزگىرىپ چىققاندەك، نۇرغۇن ئىللەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈنلەي گەپ ئاڭلايدىغان ياخشى بالىغا ئايلاندى، قوشنىلارنىڭ ھەممىسى نازىلەدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە بارمىقىنى چىقىرىپ نازىلەنى ماختاشتى.

بۇنىڭدىن ئىمانىڭ بالىلار تەربىيەسىگە نىسبەتەن بىر خىل ئىنتايىن ئۈنۈملۈك تەربىيە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھەمدە بالىلارمۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ ئىما تەربىيەسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل شەكلى بار:

### 1. كۆز ئىماسى

كۆز ئىماسى بىر خىل ئاۋازسىز ھەرىكەت، ئۇ گەپ ـ سۆزدىن تېخىمۇ يۇمشاق، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ھالدا ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. ئىپادىلىمەكچى بولغان گەپ ـ سۆز ۋە پوزىتسىيەنى كۆز ئىماسى ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ.

### 2. ھېسسىيات ئىماسى

تاشقى ھېسسىيات كۆزگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق. ئۇ كۆپ خىل ئۇچۇرلارنى يەتكۈزەلەيدۇ. مەسىلەن: مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قوشۇلۇش، بولۇش ـ بولماسلىق، ياق قاتارلىق تەسىرلەر ئىما ئوبيېكتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالا ياخشى ئىش قىلسا، سىز رازى بولۇپ باش لىڭشىتسىڭىز، بالا تىرىشىپ بىرەر ھېسابنى ئىشلىگەن بولسا، سىز باش لىڭشىتىپ مىيىقىڭىزدا كۈلۈپ قويسىڭىز، بۇمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر چوڭ رىغبەتلەندۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

### 3. سۆز ئىماسى

سۆزنىڭ ئورنىغا ئىشارەت بېرىشتۇر. بىراق، بالىلارنى تەقدىرلەش ياكى تەنقىد قىلىشتا بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويماي ئىما ـ ئىشارەت بىلەن، دارىتمىلاش ياكى «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دەپ ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ خىل تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

### 4. ھەرىكەت ئىماسى

بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز مۇددىئاسىنى ئىپادىلەش، مەسىلەن: بالا تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە رۇس ئولتۇرمىسا، ئۆزى راۋۇرۇس ئولتۇرۇش ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش، بالىنىڭ بەزىبىر ئىشلىرىنى ياقتۇرۇپ، سۆيۈپ قويۇش، خۇشاللىقىدا قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىش قاتارلىقلار. بۇ بىر قىسىم ھەرىكەتلەر ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بېرىدىغان ئىلھام ۋە تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، بالىنىڭ ئۆگىنىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشقا پايدىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 34. بالىنىڭ زىيادە تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىش

بالىنىڭ ئورۇنسىز زىيادە تەلىپىنى رەت قىلىش كېرەك. ناۋادا ئۇنىڭغا يول قويۇلسا، رايىغا باقسا، ئۇنىڭ «نۇخىلىسى ئۆسۈپ»، «مەن مەركەز» ئىدىيەسى كۈچىيىدۇ. شەخسىيەتچىلىكى ئارتىپ ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ھېسسىياتى سۇسلىشىدۇ. ئاتا ـ ئانا ئۇلارنىڭ ئورۇنسىز تەلىپىنى رەت قىلىپ، بالىغا ئىنچىكىلىك بىلەن «بۇ دۇنيادا نېمىنى قىلىمەن دېسە، شۇنى قىلغىلى بولمايدىغانلىقى»نى، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت ۋە تەرتىپىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرمەي كۆڭۈلنى تىزگىنلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

بالىنىڭ ئۆسۈش تەرەققىياتى ناھايىتى تېز. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ بىرەر قېتىملىق ئورۇنسىز تەلىپىگە ماقۇل دەپ رايىغا باقسا، بالا «ھە! ئاتا ـ ئانام مېنىڭ رايىمغا باقىدىغۇ، ھەممە تەلەپلىرىمنى ئورۇندايدىغۇ» دەپ تېخىمۇ ئارتۇق تەلەپ قويىدۇ. نېمىنى ئويلىسا، شۇنى قىلىدىغان بولۇپ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئائىلىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ ئۇلارنى پەقەت كۆزگە ئىلمايدۇ ...مېنىڭ گېپىم ھېساب، دەپ قائىدىسىز، شەخسىيەتچى چوڭ بولىدۇ. باشقىلار بىلەن ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىش، ھەمكارلىشىشنىمۇ بىلمەيدۇ. تۆۋەندە بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسى بىلەن تاكاللىشىۋاتقان دىيالوگىغا قاراپ باقايلى:

ــ ئىمران بالام! تائام يەيلى!

— قانداق تائام ئۇ!
— شورپا، يەنە قورۇملار بار…
— ئانا! مەن سىرتقا چىقىپ پىسا قاتلىمىسى يەيمەن!
— نېمىشقا!
— سېنىڭ ئەتكەن تائاملىرىڭنى ياقتۇرمايمەن، بولە تېزرەك! ھازىرلا چىقايلى!
— بالام! بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىم، ئەتە چىقايلى!
— ياق! ھازىرلا چىقىمىز! — ئىمران پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى.
— بالام! بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىم، ئەتە چىقايلى!
— بالام! بۈگۈن راست ھېرىپ كەتتىم، ھويلا - ئارامنى سۈپۈردۈم، تاماق ئەتتىم! ئەتە چىقايلى!
— ياق! ھازىرلا چىقىمىز، ھازىر … ئانا ئوغلىغا يالۋۇردى، ئۆتۈندى، بىراق ئىمران پەقەت ئاڭلىماي ھەم يىغلاپ ھەم ۋارقىراپ خاپا قىلدى. ئاخىرى ئانا ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ پىسا قاتلىمىسى يېيىش ئۈچۈن بازارغا ماڭدى.
ئىمران بوۋاق ۋاقتىدىلا دادىسى قاتناش ھادىسىسى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان، دادىسىز قالغان ئىمران ئانىسىنىڭ ئالدىدا «بىچارە»، ئانا بۇ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش ئۈچۈن بالىسى نېمە دېسە، شۇنى قىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئەركە چوڭ قىلدى. ئىمران ھەددىدىن ئېشىپ ئورۇنسىز تەلەپ قويۇپ ئانىسىنى قاقشىتاتتى. ئانىسى ئىمراننىڭ ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا قەرزداردەك ھېس قىلىپ، رايىغا باقاتتى . ئانا مۇشۇنداق مەڭگۈ ئىمراننىڭ رايىغا باقارمۇ؟ ئانا ئۆزىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن ئازغىنا پۇلى بىلەن بىر ۋاپاسىزنى باقسا، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا كېلەر؟! سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر پېداگوگىكى مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر دائىم

www.uyghurkitap.com

مەن ھەم دادا ھەم ئانا دېيىشىپ بارلىقىنى بالا ئۈچۈن بېغىشلاپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ بەختىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ. بۇ ئېھتىمال ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىسىغا بەرگەن ئەڭ قورقۇنچلۇق سوۋغىتى بولسا كېرەك. بۇ خىل قورقۇنچلۇق سوۋغاتنى مۇنداق ئوخشىتىشقا بولىدۇ: «سەن بالاڭنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ، سەن ئۇنىڭغا ئۆز بەختىڭنى دورا قىلىپ ئىچۈر! شۇندىلا ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلەيسەن!»

تۇرمۇشتا، خېلى كۆپ بالىلار دائىم مۇنداق ياكى ئۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ تەلەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئۇ تەلەپلەرنى رەت قىلسا بالا قېيداپ، يىغلاپ خاپا قىلىدۇ، تىللاش، تەنقىد كارغا كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ تۆۋەندە كۆپچىلىككە بىرقانچە تەجرىبىنى تونۇشتۇرماقچى:

### 1. ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش، ئىناۋەتنى ساقلاش

ئاتا ـ ئانا بالىغا قىلغان ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى، شۇنداقلا چەكلەشكە تېگىشلىكنىمۇ چوقۇم چەكلىشى لازىم. كەيپىياتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ياكى ئىشنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ بالىغا يول قويسا بولمايدۇ. بالا تومۇر تۇتىدىغان «تومۇرچى» بولۇپ، يۇقىرى تەلەپ ياكى پىكىرىدە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىنى ماقۇلغا كەلتۈرىمەن دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭغا تومۇرنى تۇتقۇزمىسا، كېيىن ئۇ جاھىللىق قىلالمايدۇ. ئۇنۇمسىز، ئىشنى ھېچكىم قىلىشنى خالىمايدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار دىققىتىنى بۇراش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىمەن دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلالمايدۇ. بالا يىغلىسا، يەرنى تېپىپ بىشەملىك قىلسا... قىلىشقا تېگىشلىكنىڭ ھەممىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن بالا ئەڭ ئاخىرىدا «مۇۋاپىق تەلەپ»نىڭلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى

بىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ. مانا بۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل.

## 2. سالماقلىق بىلەن ھەل قىلىش

بالىنىڭ بىنورمال تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، كۆپىنچە يىغلاپ بىشەملىك قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى سالماقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنىڭ نېمە ئۈچۈن رەت قىلىنغانلىق سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئاندىن ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن كارى بولماي، ئۆزى ئىشىنى قىلىۋېرىشى كېرەك. دەرۋەقە بالىنىڭ يىغىسى ئادەمنى پاراكەندە قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا ئاماللىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بالىغا نەسىھەت قىلماسلىقى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا بالا دادىسىنىڭ قەتئىي پوزىتسىيەسىدىن يىغلاشنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يىغلىمايدىغان بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر بالىنىڭ يىغىسى بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ئۇنىڭ ئورۇنسىز تەلىپىگە ماقۇل بولساق، كېيىن ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئورۇنسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 3. بالىغا رەت قىلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش

بالىنىڭ ئورۇنسىز تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىشىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. بەزى ئاتا ـ ئانىلار رەت قىلىنىش سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرمەي، ئەكسىچە بەزى سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ بالىنى ئالدايدۇ: «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشار» دېگەندەك، مۇنداق ئالداش تەكرارلىنىۋەرسە، بالا كېيىنچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 35. بالىنىڭ «تاپتىن چىققان» ئالاھىدىلىكىنى قوللاش

ھازىرقى بالىلارنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى، مەيلى ئائىلە ياكى جەمئىيەتتە بولمىسۇن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىق چاغلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. بالىلارنىڭ جەمئىيەت ھەم يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى نىسبەتەن بۇرۇن، تېز ھەم كەڭرى، بۇ بالىلارنىڭ ئەجەبلىنىش پسىخىكىسىغا تەسىر قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەيران قېلىش، غەيرىي تەپەككۇرنى غىدىقلاش ئارقىلىق مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا بىر قىسىم «تاپتىن چىقىش» ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالغا نىسبەتەن دۆلىتىمىزدىكى مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: بالىلارنىڭ بىر قىسىم «تاپتىن چىققان» ھەرىكىتىگە نىسبەتەن، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار ئۇنى نوقۇل ھالدا پەقەت «تاپتىن چىققان» دەپلا قارىسا، ئىنتىزامنى بۇزدى دەپ تەنقىد قىلىپ چەكلىسە، ئېھتىمال، بالىلارنىڭ بىر قىسىم تەشەببۇسكارلىقى بىلەن ئىجادچانلىقىنى تار رامكا ئىچىدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

ئەكسىچە، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ «تاپتىن چىقىش» ھەرىكىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، توغرا يېتەكلىسە، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن ئىجادچانلىقىنى قوزغىسا، ئېھتىمال بۇ خىل بالىلارنىڭ ئىچىدىن تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىقلار چىقىشى مۇمكىن.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئامېرىكا ـ ياۋروپا سەھنىسىدە،

جۇل ـ جۇل كېيىپ يالاڭئاياغ ئۇسسۇل ئويناپدىغان دېنكىن ئىسىملىك بىر ئۇسسۇلچى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

دېنكىن بوۋاق چېغىدىلا، ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كېتىپ ئۇنى مۇزىكانت ئانىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، مەخسۇس قارىغۇچىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوچۇق ـ يورۇق، تېتىك، چاققان چوڭ بولغان. دېنكىن ئالتە ياش ۋاقتىدا ئانىسى بىر قېتىم سىرتتىن كىرسە، ئۇ بىرمۇنچە باللارنى يىغىپ (بىر قىسمى تېخى ئايىغى چىقمىغان باللار) ئۇششاق جوزا ـ بەندىڭلارنى تىزىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ ھەرىكەت ئۆگىتىۋاتقان ئىكەن. ئانىسى ئۇنىڭ بۇ خىل «تاپتىن چىققان» ھەرىكىتىنى كۆرۈپ غۇزىدە ئاچچىقى كېلىدۇ ــ دە، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: «بالام! نېمىش قىلىۋاتىسىز؟ دەپ سورايدۇ»

ــ مەن ئۇسسۇل مەكتىپى ئېچىۋاتىمەن! ــ دېنكىن پەرۋاسىز ھالدا جاۋاب بېرىدۇ. ئانىسى ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرى ھوشىنى يىغىپ رويال چېلىپ تەڭكەش قىلىدۇ. باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە قوشنىلار باللارنىڭ بۇ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ «بۇ خىل مەكتەپ» نى داۋاملىق ئېچىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. دېنكىن 10 ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە كېلىپ ئۇسسۇل ئۆگىنىدىغان كىچىك قىزلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. 16 ياشقا قەدەم قويغاندا سانفرانسىسكو ئەتراپىدىكى بايلارنىڭ قولللىشى بىلەن مەكتىپىنى كېڭەيتىپ، دۇنياغا مەشھۇر يېڭىچە ئۇسسۇل مەكتىپىگە ئايلاندۇرىدۇ. دېنكىن نام ـ شۆھرەت قازانغاندىن كېيىن، ياش ۋاقتىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، باللار كەلگۈسىدە مەيلى قانداق ئىش قىلمىسۇن، ھەممىسى كىچىك چېغىدىن باشلىشى زۆرۈر ئىكەن. بىراق ئاز بولمىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللارغا بېرىۋاتقان

ئاتالمىش تەربىيەگە قانداق قاراۋاتقانلىقىنى ھەقىقەتەن بىلمەيمەن. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى ئادەتتىكىدەك نورمال ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇشقىلا مەجبۇرلاپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل شەيئىلەرنى يارىتىشىنىڭ ھەرقانداق ياخشى پۇرسىتىنى تارتىۋالىدۇ.» دېيىش ئىنساننىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆزىنى قوللىغانلىق ئالىي پەزىلىتىگە رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

«تاپتىن چىقىش» مەسىلىسىگە دىيالېكتىك مۇناسىۋەت بويىچە توغرا قاراش زۆرۈر. كۆچلۈك «تاپتىن چىقىش» ئىدىيەسىنىڭ بالىلارنىڭ ئۆسۈشىگە نىسبەتەن زىيانلىق تەرىپىمۇ بار. شۇنداقلا ئۇنىڭدا يەنە سەل قاراشقا بولمايدىغان ئاكتىپ ئامىلمۇ بار. بىز بۇ خىل دىيالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇپ، بالىلارنىڭ «تاپتىن چىقىش» مەسىلىسىگە نىسبەتەن كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ئۇنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئۇنداقتا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ «تاپتىن چىقىش» ھەرىكىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟ بىر قىسىم پېداگوگ مۇتەخەسسىسلىرى تۆۋەندىكىدەك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

## 1. بالىلارنىڭ «تاپتىن چىقىش» مەسىلىسىنى توغرا چۈشىنىش

بالىلارنىڭ «تاپتىن چىقىش» ھەرىكىتى بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇ خىل ناچار ئىللەت بولماستىن، بەلكى ئۇ بالىلارنىڭ بىر خىل فىزىيولوگىيەلىك ۋە پىسخولوگىيەلىك يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى. بالىلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ پىششىپ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

## 2. «تاپتىن چىقىش» مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش

«تاپتىن چىققان» بالىلارغا نىسبەتەن ئاددىي يوسۇندا قوپاللىق بىلەن ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرمەي، باراۋەر ئورۇندا

تۇرۇپ سۆزلىشىش، سىردىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئاتا ـ ئانا ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغان تەرەپكە يېتەكلەش لازىم. بۇ مەسىلىدە ئەڭ ياخشىسى، دادا بولغۇچى ئوغلىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلسا، ئانا بولغۇچى قىزىنىڭ مەسىلىسىنى ئويلىسا، ئورتاق پىكىرگە ئىگە بولالايدۇ.

**3. پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش**

پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا چۈشىنىش بالىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى، «تاپتىن چىققان» بالىلارنى يېتەكلەشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ تارقاتقۇچىسى

## 36. «ۋاپاسىز بالا» بىلەن تىركەشمەسلىك

بالىدا بىزار بولۇش پىسخىكىسى كۆرۈلگەندە، ئاتا ـ ئانا بالا بىلەن ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشى، ئۇنىڭ توغرا ئىدىيەۋى قاراشنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. خاتالىشىش ياكى مەغلۇبىيەت بالىغا نىسبەتەن بىر ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى، ئاتا ـ ئانا بۇ ۋاقىتتا بالىنى تىللاپ ھاقارەتلىمەسلىكى كېرەك. ئېھتىمال مۇنداق چاغدا بالا قورقۇپ تەۋەككۇلچىلىك قىلىشى ياكى بىزار بولۇش پىسخىكىسى كۈچىيىپ، ۋاپاسىز بالىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا مۇنداق ۋاقىتتا بالىغا تەربىيەنى ياخشى ئىشلىشى، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ خاتالىقتىن ئۆزىنى تارتىشىغا مەدەت بېرىشى لازىم. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بالىغا ئەڭ ئېھتىياجلىقى ئاتا ـ ئانىنىڭ چۈشىنىشى، ياردىمى ۋە كۆيۈنۈشىدۇر. تۆۋەندىكى بىر ئانىنىڭ ۋاپاسىز بالىغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ:

قىزىم بۇ يىل توققۇز ياش، ئائىلىدىن بىزار بولغاچقا بىز بىلەن تىركىشىشكە ئۆتتى، مەكتەپتىن قايتقاندا، ئۇنى رېئال چال دېسەك، تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ. ئۇچاڭغا كۆڭلەك كىيگىن دېسەك، مەكتەپ فورمىسى كىيىدۇ. مەكتەپ فورمىسى كىيىشكە قوشۇلساق، تەنھەرىكەت كىيىمى كىيىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۇرۇشقا تەمشەلسەك، ئۇ: «ئۇرە! ئۇرە مانا» دەپ بوينىنى سوزۇپ يۈزىنى تۇتۇپ بېرىدۇ. بىرقانچە تەستەك ئۇرساقمۇ ئۈنۈمى بولمايدۇ. نېمىلا دېسەك ئاڭلىمايدۇ. كېيىن مەن ئۇنىڭ كەيپىياتى

تۇراقلىق، خۇشال چاغدا، يېنىمغا تارتىپ بېشىنى سىيلاپ پىكىر ئالماشتۇردۇم، سىرداشتىم. نەتىجىدە ئۇ ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىۋالغانلىقىمنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشلاپ ھېچقايسىسىغا ئارىلاشمىدىم. نەتىجىدە، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىلگىرىكى قىلىقلىرىنى تاشلىدى. بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم.

ئۇنداقتا باللارنىڭ «ۋاپاسىزلىقى»غا نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

## 1. بالا بىلەن باراۋەر مۇناسىۋەتتە بولۇش

بالىنىڭ گەپ ياندۇرۇپ تومشۇق ئۇشلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا ئۆزىنى بالا بىلەن باراۋەر ئورۇندا قويۇپ سىردىشىش لازىم. ئەگەر بالىنىڭ ئېيتقانلىرى قائىدىگە ئۇيغۇن بولسا، ئاتا ـ ئانا ئۇنى قوبۇل قىلىپ بالىنى تەقدىرلىشى، خاتا بولغاندىمۇ ئەيىبلىمەي، مەسخىرە قىلماي، سەۋرچانلىق بىلەن قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىشى لازىم.

## 2. بالىغا تالالاش ھوقۇقىنى بېرىش

ئاتا ـ ئانا بالىنى تەربىيىلەشتە مۇھىم مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، بالىغا ئاساسىي پرىنسىپنى بېكىتىپ بېرىشى، بالىنى پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلمىغان ئاساستا، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىشى ۋە تاللاش ھوقۇقىنى بېرىشى لازىم.

## 3. تەنقىد قىلىش ئۆلچىمىنى توغرا ئىگىلەش

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ قارشىلىشىش كەيپىياتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، قالايمىقان تەنقىد قىلماسلىقى، بالىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىلگىرى ئىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىشى، تەنقىد سورۇنىنى تاللىشى، شۇنداقلا كۆپچىلىك ياكى دوستلىرى ئالدىدا

تەقدىملەشنى لازىم. بالىنىڭ نۇقسانلىقىغا ئاساسەن دىيالېكتىك ئىنكار بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەقدىرلىشى، نۇقسانلىقنى قائىدە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىشى، شۇنداقلا تەنقىدلەش جەريانىدا، بالىنىڭ كەيپىياتىغا باشتىن ـ ئاخىر دىققەت قىلىشى كېرەك.

# 37. بالىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماسلىق

خېلى كۆپ ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا سىرتتا ياكى باشقىلار ئالدىدىلا ۋارقىراپ - جارقىراپ: «مەن ساڭا كېپەك بېرىپ باقىقانمۇ؟ كىچىككىنە بالىدىنمۇ تاياق يەپ يىقىلىپ يۈرۈيسەنغۇ؟! پالانچىنىڭ بالىسى سەن بىلەن تەڭ، ئۇ ئەلاچى بوپتۇ، سەن بولالمىدىڭ، ئۇنىڭدىن نەرىڭ كەم!...» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

ئاتا - ئانىنىڭ مۇنداق تەربىيەسى بالىدا ئوڭايلا مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئىشەنچ ۋە غۇرۇرىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىز. تەتقىقاتتىن قارىغاندا، بالىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىچىدە، ئائىلىۋى مۇھىت بىلەن ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيەۋى ئۇسۇلى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن. پسىخىكا ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئادەمنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىدا ئىككىنچى مۇھىم ئىقتىدارغا ئىگە. بىرى، ئادەم ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش جەريانىدا تونۇيدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئادەم باشقىلارنى ئەينەك قىلىپ قارىغاندا، ئاندىن ئۆزىنى بىلەلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن ئادەم ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش نىشانى ۋە تىرىشىش يۆنىلىشىنى تاپالايدۇ؛ بىراق، بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سېلىشتۇرۇش ياخشى ياكى مۇۋاپىق بولمىسا، بالىلارغا نىسبەتەن ئوڭايلا پسىخىكا جەھەتتىكى زەخىملىنىشنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىمران بىلەن ئىھسان بىر بىنانىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرۇشلۇق، شۇنداقلا ئوخشاش بىر سىنىپنىڭ

ئوقۇغۇچىلىرى. ئىمران تەبئىي ئەقىللىق ھەم تىرىشچان ئۆگەنگەچكە، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئۇدا ياخشى؟ ئىھساننىڭ تەبئىي ئىقتىدارى ئاجىزراق، گەرچە تىرىشىپ ئۆگەنسىمۇ، نەتىجىسى ئىمرانغا يېتەلمەيدۇ. ئىھساننىڭ ئانىسى دائىم ئىھسان بىلەن ئىمراننى سېلىشتۇرۇپ: «ئائىلىمىزنىڭ شارائىتى ئىمراننىڭ ئائىلىسىدىن كۆپ ياخشى. بىراق، سېنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەڭ ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىھسان ئۆزىنى دۆت چاغلاپ، تىرىشسامۇ ئارقىدا قالىدىكەنمەن، دەپ ئويلاپ، ئۆگىنىشتە تېخىمۇ ئارقىدا قالىدۇ.

بۇ دۇنيادا ئوپمۇئوخشاش ئىككى تال يوپۇرماق بولمىغىنىغا ئوخشاش قەيەردىمۇ ئوپمۇئوخشاش ئىككى بالا بولسۇن! ھەربىر بالىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىرسىيەتلىك تۇغما تەبئىيلىكى، خاراكتېرى، ئۆزگىچە ئىقتىدارى مەۋجۇت. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەقەت ئۆز بالىسىنىڭ كەمتۈك تەرىپىنىلا كۆرىدۇ. ئارتۇقچىلىقىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا تەربىيەسىدە ئۇنۇم ھاسىل قىلالمايدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن پېداگوكلار ئاتا ـ ئانىلارغا مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ:

### 1. بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن سوئال سورىشىغا يېتەكلەش

«مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم قانداق؟ ئارتۇقچىلىقىم قايسى؟ كەمچىلىكىمچۇ؟ ئۆتكەنكى ئاي بىلەن سېلىشتۇرغاندا قايسى تەرەپتە ئالغا باستىم؟ مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مېنىڭ يەنە بىر باسقۇچ ئۆرلىشىمدە ئۈمىد بارمۇ؟ ئاتا ـ ئانامنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقامدىمەن؟ ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ پىكرىنىچۇ؟...»

## 2. رازىمەنلىك نەزىرى بىلەن باللارغا قاراش

بىر مۇتەخەسسىس مۇنداق بىر غەيرىي ھادىسىنى ئىنكاس قىلىدۇ: بىر قېتىم نەچچە ئون جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى بىلەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى بىرلىكتە ئىمتىھان بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئائىلىسىگە ئاپىرىپ ئاتا - ئانىسىغا كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە، جۇڭگولۇق ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ 80% ى نەتىجىدىن نارازى بولىدۇ. بىراق چەت ئەللىك ئاتا - ئانىلارنىڭ 80% ى باللارنىڭ نەتىجىسىدىن رازى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىگە يەتمەيدىكەن. بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈردىكى، جۇڭگولۇق ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا كىبىرلىك نەزىرى بىلەن نارازى بولۇپ قاراشقا ئادەتلەنگەن بولسا، چەت ئەللىك ئاتا - ئانىلار رازىمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەنىكەن. شۇڭا، مۇتەخەسسىسلەر جۇڭگولۇق ئاتا - ئانىلارغا ئۆز بالىلىرىغا رازىمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراش تەكلىپىنى بەرگەن.

## 3. باللارنىڭ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئېتىراپ قىلىش

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ تېزدىن ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى، ئادەتتىكى نەتىجىسىنى قەۋەتلا ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار بۇ خىل ئالدىراڭغۇلۇق خاھىشىنى باللارغا زورلاپ تاڭىسمۇ، بىراق ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەكس تەسىرى بېرىدۇ. ھاياتلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. سىز بالىڭىزغا رازىمەنلىك نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، «بالام ياخشى، بالام مەڭگۈ قالتىس» دەپ ئويلاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 38. بالىنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىشىگە يول قويۇش

بەزىدە بالىنىڭ گەپ ئاڭلىماسلىقى ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش، مۇستەقىللىق تەلپىنىڭ ئىپادىسى، مۇستەقىل ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش بالىنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش سۈپىتى، شۇنداقلا قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ ياخشى ئۆتۈشىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا، نۇرغۇنلىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى كۆڭۈل قويۇپ دەرسىنى ئۆگەنسۇن، دەپ ھېچ ئىش قىلدۇرمايدۇ. سەھەر ئورنىدىن قوپقاندا، كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىدۇ، تائام يېگۈزىدۇ. ھەتتا ئۆگىنىش قوراللىرىدىن تارتىپ، تەييارلىق قىلىپ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىشى بالىنىڭ تايىنىۋېلىشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماي ئۆزىنى قىلدۇرسا، تايىنىش بولمىسا، بالا ئۆزى ھەرىكەتلىنىپ ئىشلەيدۇ.

جۇ چۇنجىڭ باياشات ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى مەلۇم شىركەتنىڭ دىرېكتورى. ئائىلىدە بۇ يالغۇز بالا ھەقىقەتەن بىر «كىچىك پادىشاھ». ئەزەلدىن دېگىنىنى قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ. «كىچىك پادىشاھ» كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىغا چىقىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ماشىنىسى بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكېلىدۇ. بۇ

ۋاقىتتا «كىچىك پادىشاھ» نىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ پىكرى بىلەن جۇ چۇنجىڭنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىنى مۇنداق ئەركە چوڭ قىلىۋەرسە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىختىساسلىق ئادەم-لەردىن بولۇپ چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا چوڭ بولغاندا ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانا بالىغا كۆيۈنۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ نورمال تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولىدۇ. بىراق ئۇلار «ئوڭ قۇتۇپتىن سول قۇتۇپقا» بىراقلا سەكرەپ بالىنى قاتتىق چەكلىمەكچى بولىدۇ.

بىر كۈنى «كىچىك پادىشاھ» يەل مىلتىق سېتىۋالماقچى بول-غاندا، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا پۇل بەرمەيدۇ. ئىككىنچى قېتىم جۇ چۇنجىڭ يىراقتىن كونترول قىلىش ئايروپىلانىنى سېتىۋالماق-چى بولۇپ، دادىسىنىڭ يانچۇقىغا قول سالغاندا، ئويلىمىغان يەر-دىن ئۇ بىر تەستەك شاپىلاق يەيدۇ ... ئاتا - ئانا ئۇنى قاتتىق كونترول قىلماقچى بولغانلىقتىن، ھەتتا بەزى نورمال تەلىپىمۇ رەت قىلىنىدۇ. بۇ خىل غايەت زور ئۆزگىرىش بالىدا كۈچلۈك نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىكنى قوزغايدۇ. بىر كۈنى جۇ چۇنجىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىشكاپ قۇلۇپىنى ئېچىپ، 100 يۈەن پۇلنى ئېلىپ بازارغا چىقىپ ئوينايدۇ. ئاتا - ئانا بۇنى سەزمىگەچكە، «بالام گەپ ئاڭلىدى» دەپ ئۆزىنىڭ قاتتىق تۇتقاند-لىقىدىن رازى بولۇشىدۇ. بىراق جۇ چۇنجىڭ نەق پۇلدىن ئۆتۈپ 3000 يۈەنلىك مۇددەتسىز ئامانەت چېكىنى ئېلىپ خەجلەپ تۈ-گەتكەندە، ئۇنى تۇيۇپ قېلىپ، ئاتا - ئانىسى ئۇرۇپ تېپىپ، جۇ چۇنجىڭنى تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىدۇ. قاتتىق تاياق يېگەن «كىچىك پادىشاھ» شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتا - ئانىسىدىن يىرگىنىدۇ. قورسىقى ئاچسىمۇ ئۆيگە قايتمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالى-تىنى كۆرگەن كوچىدىكى «خەير - ساخاۋەتچى ئاغىنىلىرى» يار-دەم قولىنى سوزۇپ، ئۇنىڭغا تاماق ۋە پۇل بېرىدۇ ھەمدە ئۇنى

ئوغرىلىققا يېتەكلەپ، كىشلەرنىڭ يانچۇقىنى كولاشقا، ھەميانىنى ئوغرىلاشقا سالىدۇ. ساقچىخانا تەرپىدىن بىرقانچە قېتىم تۇتۇلۇپ «كىچىك ئىكەن» دەپ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئوغرىلىق قىلمىشى داۋاملىشىۋەرگەچكە ئاخىرى بالا جىنايەتچىلەرنى تەربىيەلەش مەكتىپىگە ئېلىپ بېرىلغاندىلا ئاتا - ئانىسى ئاندىن ھوشىنى تېپىپ، يىغلاپ - قاقشاپ قالىدۇ.

مەشھۇر پېداگوك چېن خېچىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «بالا ئۆزى قىلالايدىغان ئىشنى ئۆزى قىلسۇن! بالا ئۆزى ئويلىيالايدىغىنى ئۆزى ئويلىسۇن!» ئەمەلىيەتتە، ئاتا - ئانا قولىنى تارتسىلا، بالا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلالايدۇ. بالىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى چەكسىز. ھەتتا ئاتا - ئانا ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىشلارنىمۇ، بالا ئويلاپ يېتەلەيدۇ ۋە ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ كونكرېت قانداق قىلىشى توغرىسىدا، پېداگوكلار تۆۋەندىكىدەك تەكلىپ بېرىدۇ:

### 1. بالىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە بوشلۇق يارىتىپ بېرىش

باللار ئەلۋەتتە ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامراق. بىراق مۇنداق تۇرمۇشنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن، بالىغا ئەركىن پائالىيەت ۋاقتىنى كۆپرەك بېرىشى، ئۇنى دوستلىرى بىلەن ئويناشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، مۇشۇ بوشلۇقتا ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشىغا يول بېرىشى زۆرۈر.

### 2. بالىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش

بالا تەربىيەلەشتە «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈشتەك» ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بىراق پاسسىپ ھالدا ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشمۇ بالىنىڭ ئۆسۈشىگە

پايدىسىز. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئاساسەن، ئاكتىپ شارائىت يارىتىپ بالىنى چېنىقتۇرۇش ئەڭ توغرا ئۇسۇلدۇر.

**3. بالىغا ئاز ـ تولا «قىيىنچىلىق» تۇغدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېڭىشىگە رىغبەتلەندۇرۇش**

جاپالىق تۇرمۇش بالىلارنىڭ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش مەيدانى، هازىر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشى. شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانىلار بەزىبىر قىيىن ئىشلارنى بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ هەل قىلىشىغا قالدۇرۇشى كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىلىق.

**4. بەزى سۈركىلىشلەرنى بالىلارنىڭ ئۆزى هەل قىلسۇن**

چوڭلارغا ئوخشاش بالىلارمۇ بەزى زىددىيەتلەردىن، هەتتا سۈركىلىشلەردىن خالىي بولالمايدۇ. زىددىيەت ۋە سۈركىلىشنى هەل قىلىش جەريانى بالىلارنىڭ ساغلام چوڭ بولۇپ يېتىشىپ يېتىلىشىگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بالىلار كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بۇ خىل زىددىيەتلەرنى ئاتا ـ ئانىسىغا شىكايەت قىلغاندا، ئاتا ـ ئانا ئۇلارنى زىددىيەتكە تاقابىل تۇرۇپ هەل قىلىشقا رىغبەتلەندۇرسە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ياكى بالىنىڭ ئورنىدا ئۆزى بېرىپ هەل قىلىشقا بولمايدۇ.

**5. بالىنىڭ تاللىشىغا هوقۇق بېرىش**

بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىگىدارچىلىقى ئۆزىنىڭ تاللىشىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئاز بولمىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تاللىشىدىن خاتىرجەم بولالماي بالىنىڭ تاللاش هوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ. مۇنداق بالىلار چوڭ بولغاندا، كەسكىن رىقابەتلىك تۇرمۇشقا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا تاللاش هوقۇقىنى بېرىش هەمدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تاللىشىغا مەسئۇل بولۇشنى ئەسكەرتىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

# 39. مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ بالىنىڭ مۇكەممەللىششىگە ياردەم بېرىش

كىشىلىك تۇرمۇش ئادەمنىڭ كۈتكىنىدەك ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ؛ ئادەم ئازدۇر - كۆپتۇر ئوڭۇشسىزلىققا، قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. يول ئۇزۇن! بۇ مۇساپە پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تىرىششىغا، جاپالىق كۈرەش قىلىشىغا باغلىق. بىراق، ئەپسۇسلىنارلىقى، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ئەركە قىلىپ تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ جاپا چېكىپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىشىدىن قورقىدۇ. بالىلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى، يەنى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى ۋە قەيسەر ئىرادىسىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسسىق «پارنىك» تا چوڭ بولغان كۆچەتلەر كىشىلىك تۇرمۇش ھېسسىياتىنى چۈشەنمەستىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى سۇدەك خەجلەپ، خىجىل بولمايدۇ. بۇ خىل ئۆزىگە ئىگە بولالمىغان ئىقتىدارسىزلار «ئىسسىق پارنىك»تىن ئايرىلسا، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق سىنىقىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟

تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئاتا - ئانىلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا بالىلارنى كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئۆز ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى كۈچەيتىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئامېرىكىدا ئائىلە تەربىيەسى بالىلارنىڭ ئىجادىيەت روھىنى، شۇنداقلا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش روھىنى ئاساس قىلىدۇ. ئامېرىكىلىق

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇنداق بىر شوئارى بار: «پۇل خەجلىمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭ تاپ!» ئائىلە بالىلارنى ئۆينىڭ بەزى ئىشلىرىنى: ئوت - چۆپ ئورۇش، ئۆي ئاقارتىش، ئاددىي رېمونت، ياغاچچىلىق ... قاتارلىق ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ. شىۋېتسارىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئوقۇۋېتىپ سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغان، جىسمانىي كۈچىنى ساتىدىغان، ياز كۈنلىرى ماشىنا بىلەن ئوت - چۆپ ئورىسا، قىش كۈنلىرى قار تازىلايدىغان، كۈز كۈنلىرى غازاڭ سۈپۈرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا زىيادە كۆيۈنۈپ ئەركە چوڭ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق. بۇ خىل ئاتا - ئانىلار بالىلارنى مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە مۇكەممەل ئادەم قاتارىدا كۆرمەستىن، بەلكى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتى سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق.

بالىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سەۋرچانلىقتا، ۋاقىت ۋە ماددىي سەرپىياتقا ئېھتىياجلىق. بالا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئىقتىدارىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن ئائىلىۋى تۇرمۇشقا زور خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈشى ۋە جەمئىيەت پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. بالىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇشى شەرت:

**1. بالىلارنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ۋە مەسىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش**

بالىلار ئۆسۈش جەريانىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىپ

مەسىلىلەرنى ئۆزى ھەل قىلىشى ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىشى كېرەك. بالىلار گەرچە ئۇ خىل مەسىلىلەرنى دەرھال ئويلاپ ھەل قىلىپ كېتەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ جەريان ئۇلارنىڭ چېنىقىش ۋە يېتىلىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق.

**2. بالىلارنى مۇستەقىل پائالىيەت مۇھىتى ۋە سورۇن بىلەن تەمىنلەش**

پۇرسەت ئادەمنى چېنىقتۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ماس كېلىدىغان ئىشلارنى تاپشۇرۇشى ۋە بالىلارنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى ئورۇندىشىغا ئىلھام بېرىشى لازىم.

**3. بالا ئۈچۈن «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش» گىرافىكىنى تۈزۈش**

بالىنىڭ ئۆزى ئورۇندىيالايدىغان ھەرىكەت گىرافىكىنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىش، مەسىلەن: ئائىلە تاپشۇرۇقىنى مۇستەقىل ئىشلەش، يېڭىدىن تونۇشقان دوستلىرىغا تېلېفون بېرىش، ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇش، ئەركىن پائالىيەت ۋاقتى، مەكتەپكە بېرىش قاتارلىقلاردۇر.

بالىلار ئائىلە ئىشلىرىغا قاتنىشىپ مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، بۇنى ئۆششاق ئىشلاردىن باشلىشى، مەسىلەن: تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن كىتاب ـ ماتېرىياللارنى يىغىش، ياتاق ئۆيلەرنى رەتلەپ تازىلاش قاتارلىقلار.

**5. بالا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلسۇن**

ئاتا ـ ئانا ئائىلىنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنى بالا بىلەن ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشى، تەدرىجىي ھالدا بالا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. بالا ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، دېموكراتىك ئائىلە مۇھىتى بالىنىڭ مۇستەقىل خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە

تولىمۇ پايدىلىق. ئاتا ـ ئانا يەنە بالىنىڭ نورمال پائالىيىتىنى قوللىشى، مەسىلەن: ئۆز ھۆجرىسىنى ئۆزىنىڭ رايى بويىچە تۈزەشتۈرۈشى، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە توپ ئويىنىشى، پەن ـ تېخنىكا گۇرۇپپا پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش قاتارلىقلار. بۇلار بالىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 40. بالىنىڭ ئۆزىنى قوغداشنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش

ئادەم ئۆمرىدە تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەتەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ قىيىنچىلىق ياكى خەتەر ئالدىدا، سىز قانداق قىلىسىز؟ قورقۇپ قاچامسىز ياكى دىمىڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپ باشقىلاردىن ياردەم كۈتەمسىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىڭىزگە ئىلتىجا قىلىپ باقمايسىز؟ ئەمەلىيەتتە، كۆپلىگەن قىيىنچىلىق ياكى خەتەرنى ئادەم ئۆزى يېڭىپ كېتەلەيدۇ. باشقىلارغا تايىنىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ياخشى ئەمەس. ئۆز ئىقتىدارىغا تايانسا تېخىمۇ كۆپ توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكىلى، تېخىمۇ كۆپ ئىجادىيەتلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.

ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى بىلگەندىلا، بالىلار ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقەددەس سەلتەنىتى ئىچىگە كىرەلەيدۇ. دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئادەم سىرتنىڭ پۈتۈن ياردىمى ئۈزۈلگەن ھالەتتىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ بارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلىپ، ئەڭ قەيسەر روھى بىلەن تىرىشىپ كۈرەش قىلالايدۇ. چۈنكى ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى كۈچنىڭ ئۆز قولىدا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ھاياتلىق كېمىسى بىپايان دېڭىزدا ھالاك بولىدۇ، خالاس.

تۆت يىلنىڭ ئالدىدا مەلۇم مەكتەپنىڭ ياتاق بىناسىغا تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ 20 ئوقۇغۇچى نەق مەيداندا ئۆلۈپ، ئون

نەچچە ئوقۇغۇچى يارىلاندى. بۇ ئوت ئاپىتى ياتاق بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى بىر ياتاقتا كېچە سائەت 2:30 دە يۈز بېرىپ، تېز سۈرئەتتە پۈتۈن بىناغا تۇتاشقان. ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن بىنادا 450 ئوقۇغۇچى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىدە بالىلار ئالاقزەدە بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، ھەممە ئەتراپنى ئېچىنىشلىق يىغلاشلار، چىرقىراشلار قاپلىغان ئىدى.

ۋەقەدىن كېيىن تەكشۈرگۈچىلەر يەكۈن چىقىرىپ، ئوت ئاپىتى كۆرۈلگەن شۇ چاغدىكى شارائىتقا ئاساسلانغاندا، ئەگەر بالىلار ئوت ئاپىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى بىلگەن بولسا، ئۆلۈم - يېتىم يوق دېيەرلىك، ھەتتا تېخىمۇ ئاز بولغان بولاتتى، دەپ قاراشتى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدە ھەر يىلى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاسادىپىي ۋەقە بىلەن ئۆلۈپ كېتىش سانى ئونمىڭدىن ئاشىدىكەن. بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنلۈكى تاسادىپىي ۋەقە بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپنىڭ سانىغا تەڭ دېگەن سۆز. بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئېچىنىشلىق ۋەقە. ئەگەر بالىلار ئۆزىنى قوغداش ۋە قۇتقۇزۇشنى ئۆگىنىۋالسا، مۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈم - يېتىم ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشكەن بولاتتى. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئومۇمىيلىقتىن چىقىپ بالىغا كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئۆزىنى قوغداش تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى، بالىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى ۋە ھەرىكەت ماھارىتىنى ئۈستۈرۈش لازىم.

**1. بالىغا بىخەتەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش**

بالىلار تېخى گۆدەك، بىلىمى يوق دېيەرلىك. نېمە ئىش قىلىش، نېمە ئىشنى قىلماسلىق؛ قەيەرگە بېرىش، قەيەرگە

بارماسلىق؛ نېمىنى ئويناش، نېمىنى ئويناماسلىق …
قاتارلىقلارنى تولۇق بىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھەتتا، بەزىدە بېرىشقا تېگىشلىك بولمىغان خەتەرلىك جايغا بېرىپ قالىدۇ. «قىلما!» دېگەنىنىڭ ئەكسىچە، بەزى خەتەرلىك ھادىسىلەرنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاتا ـ ئانا بىر قىسىم بىخەتەرلىك ئېڭى تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، يەنى تېلېۋىزور كۆرۈش، ھېكايە ئاڭلاش، ئوت ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرگەزمىلەرنى تەكلىپ قىلىش، تىپىك رېئال ۋەقەلەرنى كۆرسىتىش، چۈشەندۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىنىڭ ئىجتىمائىي تەجرىبىسىنى بېيىتىپ، بىخەتەرلىك مىزانىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

## 2. بالىلاردا پۇختا تەييارلىق بولۇش

بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى، ئائىلە ۋە مەكتەپنىڭ ئورنىنى، تېلېفون نومۇرىنى، ئەتراپتىكى ساقچىخانىلارنىڭ ئورنى ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش نومۇرى قاتارلىقلارنى يادقا بىلىۋېلىشى، خەتەرگە ئۇچرىغاندا ياردەم تەلەپ قىلىشى لازىم.

## 3. قاتناش بىخەتەرلىكىگە رىئايە قىلىش

يولدىن ئۆتكەندە، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغاندا، ۋېلىسىپىت مىنگەندە، ماشىنا ۋەقەسى كۆرۈلگەندىكى جىددىي قۇتقۇزۇش بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، قاتناش بىخەتەرلىك تەربىيەسىنى ئىگىلىشى لازىم. ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلار بالىلار بىلەن سىرتقا چىققاندا، بالىلارنىڭ دوراپ ئۆگىنىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرى قاتناش قائىدىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

## 4. بالىلارغا خېيىم ـ خەتەردىن ساقلىنىش بىلىملىرىنى ئۆگىتىش

ئاتا ـ ئانا بالىلارغا ئېلېكتىر سايمانلىرىنى، گاز ئوچاقلارنى، تازىلىق ئەسلىھەلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش، ئوتتىن

مۇداپىئە كۆرۈش ھەمدە ئۆيدىن ئايرىلغاندا توكنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تەربىيە بېرىشى لازىم. بالىلارنىڭ ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بالىلارنىڭ ئىلىپكتىر سايمانلىرىنى، ئوت قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشتىن چەكلىشى ياخشى ئەمەس. ئۇ بالىلارغا ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 41. بالىنىڭ بىلىم ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈش

بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسى بالىلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشكە بولغان بىر خىل ئىچكى ئارزۇسى، يەنى بىلىم ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىدىن ئىبارەت. بالىدا پەقەت ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىش بولغاندىلا، ئاندىن مول بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ئەلا نەتىجە يارىتالايدۇ ۋە ئۇنى داۋاملىق ساقلىيالايدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

بالىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى ۋە تەلپى بالىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى. بىلىم ئۆگىنىشنى بىلىم سىستېمىسىغا قويۇپ چۈشىنىش، بالىلار يالغۇز مەزكۇر بىلىمنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە مەزكۇر بىلىم بىلەن باغلىنىشلىقى بولغان باشقا بىلىملەرنىمۇ ئىگىلىشى، ئەسلىدىكى ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن پەنلەرنى ئۆگىنىپ تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

ئارمان ئۈچ ياش چېغىدىلا، باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ سايىسىغا ئۆزى «مەپتۇن» بولۇپ قالدۇ. كۈندۈزى يول ماڭغاندا، ھەتتا ئاخشىمى ئايدىڭدىمۇ سايىسىنى قوغلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ قىزىقىدۇ: «قۇياش نۇرى چۈشكەن سايە نېمىدېگەن ئۇزۇن؟ ···ھەي! ئۇ يەنە نېمىشقا تېز ئۆزگىرىپ قالدۇ؟ سايە، مېنىڭ ئالدىمغا كىرىۋالدىغۇ؟ ···ئۇ تىنىماي ئاپىسىدىن سورايتتى: ئاپا! سايە نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ»

ئاپسى قول چىرىغىنى ئېلىپ ئارمان بىلەن بىرگە تەجرىبە قىلىشقا باشلىدى: ئۇ قول چىرىغى بىلەن ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى يورۇتۇپ ئۇلارنىڭ سايىسىنى كۆزەتتى. ئارمان بۇ تەجرىبىلەردىن سايىنىڭ قول چىرىغى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنىڭ جىسىم بىلەن قول چىراغنىڭ ئارىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، قۇياش، ئاي، يول چىراغلىرى قاتارلىقلارنىڭ قول چىرىغىغا ئوخشاش سايىسى چۈشىدىغانلىقى، سايىنىڭ ئۆزگىرىشى جىسىمنىڭ ھەرىكىتى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى ··· قاتارلىقلارنى ئاپىسىنىڭ ياردىمى بىلەن چۈشىنىۋالدى. ئارمان چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ قىزىقىشى كۆپىيىپ ھېرىسمەنلىكى ئۇزۇلۇپ قالمىدى. ئاپىسىمۇ ئۇنىڭغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئامالىنىڭ بارىچە تەلەپ - ئارزۇسىنى قاندۇردى. ھەربىر مەسىلىگە نىسبەتەن جاۋاب بېرەلىگىنىچە جاۋاب بەردى. ۋاقتىنچە جاۋاب بېرەلمىگىنىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماتېرىيال ئاختۇرۇپ ئىزدەندى. تەجرىبە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئامالىنىڭ بارىچە شارائىت يارىتىپ تەجرىبە قىلدۇردى··· »

«ئانا! مەن پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپات ئالدىم.» تېلېفوندا ئارماننىڭ خۇشاللىق ساداسى ياڭرىدى. دەرۋەقە، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتۇن ئاچقۇچ پەن - تېخنىكا مۇسابىقىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى. ئارمان مۇسابىقە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن مۇسابىقە جەريانىدا جىددىيلىشىپ ئانچە ئۆگىنىپ كەتمىدىم. مۇھىمى ئادەتتىكى ئۆگىنىش بىلىملىرىنىڭ جۇغلىنىشىدا ئىكەن. چۈنكى، مۇسابىقە سوئاللىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، بىلىمنىڭ جۇغلىنىشى بولمىسا، ئۆگىنىمەن دەپمۇ

ئۆلگۈرگىلى بولمايدىكەن…» دەرۋەقە ئارمان ئۈچ ياش چېغىدىن باشلاپلا ئۆگىنىشكە قىزىقىپ، نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ سەككىز يىل قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى ۋە بىلىم جۇغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى مۇسابىقىدە بىرىنچى بولۇپ نەتىجىدە قازانغان.

ئاتا ـ ئانىلار قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىيالايدۇ؟ پسىخولوگ مۇتەخەسسىسلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى كۆرسەتتى:

**1. بالىنىڭ نەزەر ـ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق قىزغىنلىقىنى قوزغاش**

ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ھەيران قېلىشتىن باشلىنىدۇ. پىلان، مەقسەت بويىچە بالىنى يېتەكلەپ كۆپرەك ماڭدۇرۇش، ئۇنى ـ بۇنى كۆرسىتىش، ئۆزگىرىشچان تەبىئىي شارائىتلارنى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇپ ھېسسىيات شەكىللەندۇرۇش ئارقىلىق بالىدا ئەجەبلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغاندىلا ئاندىن بالىنىڭ بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ.

**2. تەقدىرلەش ئارقىلىق بىلىم قىزغىنلىقىنى قوزغاش**

بالىنى تەربىيەلەش جەريانىدا بالىغا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىش، بەزى ئاددىي سوئاللارنى سوراپ بالىنى ئويلاندۇرۇش، قۇربىتى يېتىدىغان پائالىيەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق بالىنى مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلىش لازىم.

**3. بىلىمنىڭ رولىنى ھېس قىلدۇرۇش**

بالىنىڭ قىزىقىشى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. بۈگۈن بۇنىڭغا قىزىقسا، ئەتە ئۇنىڭغا، يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن بولسا ھېچ نەرسىگە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بالىنىڭ



www.uighurkitap.com

قىزىقىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇچۇن ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئالدىن ئىگىلەپ بالا بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشى، ئۇ بىلىملەرنى ئىشلىتىپ بالىغا بىلىمنىڭ رولىنى تونۇتقۇزۇش ئارقىلىق بالىنىڭ داۋاملىق قىزىقىشىنى قولغا كەلتۇرۇش زۆرۈر.

**4. بالىنى كىتاب ئالەمگە يېتەكلەپ كىرىش**

كىتاب ـــ بالىلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىشنىڭ يەنە بىر كۆزنىكى، ئاتا ـ ئانىلار كىتاب ئارقىلىق دۇنيانى تونۇتۇشتا، بالىلار قىزىقىدىغان ياخشى كىتابلارنى تاللاپ، بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشقا بولغان قىزىقىشىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى تورى

## 42. باللارغا ناچار كەيپىياتىنى چەكلەشنى ئۆگىتىش

باللارنىڭ گەپ ئاڭلىماسلىقى كۆپ ۋاقىتلاردا كەيپىياتىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان. شۇنداقلا، باللارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا پۇرسەتلەر ياكى شارائىتلار كۆپ بولىسمۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا بالىنىڭ ئۆزىنى تۇتالماسلىقى ئاساسىي سەۋەب بولغان. غەزەپلەنگەندە، ئاچچىقىنى باسالماسلىق سەۋەبىدىن بەزىبىر ھەمكارلاشقۇچىلاردىن ئايرىلىپ قالغان. ئۈمىدسىزلەنگەندە، تۈگۈلۈپ جىمغۇر بولۇۋېلىش سەۋەبىدىن نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويغان. كەيپىيات ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتكەچكە، باللارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش ۋە كونترول قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم.

14 ياشلىق مەردان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئىككى يىلدىن بۇيان باشقىلارغا يۈزمۇيۈز قارىيالمايدۇ. قارىغۇدەك بولسا، جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى ئۆزىدە يېقىننى كۆرەلمەسلىك ئالامىتىنى ھېس قىلىپ كۆز ئەينەكمۇ سېلىۋالغان. بىراق، ئۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى تاقىمىغان. بىر كۈنى دەرس ۋاقتىدا ئۇ مۇئەللىمنىڭ دوسكىغا يازغان خېتىنى ئېنىق كۆرەلمىگەچكە تۇنجى قېتىم ئەينەكنى تاقاپ سىناپ باقماقچى بولىدۇ. بىراق، كىم بىلسۇن، ئۇ شۇنداق ئەينەكنى ئېلىپ كۆزىگە تاقىشىغا

ئۇنىڭ كۆزى بىلەن مۇئەللىمنىڭ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىغان كۆزى دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. بۇ دەقىقىدە، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كۆڭلىنى قورقۇنچ باسىدۇ. باشلىرى قېيىپ، يۈرەكلىرى سالغاچقا دەرھال بېشىنى شىرە ئۈستىگە قويۇۋالىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ بۇ ئوقۇتقۇچىغا تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. ھەتتا تېلېۋىزور كۆرسىمۇ، ئېكراندىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغاندەك بولۇپ تېلېۋىزورمۇ كۆرمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە بېسىۋېلىپ كونترول قىلىشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، پەقەت ئۈنۈمى بولمايدۇ. يول ماڭسا، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭىدۇ. كىشىلەر يىغىلغان سورۇنغا بارمايدۇ. تاسادىپىي ھالدا باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا، يەرگە قارىۋالىدۇ ياكى كۆزىنى باشقا ياقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ. بۇ ئىش تۇپەيلىدىن ساۋاقداشلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلغاچقا، ئۇ ئازابلىنىپ كۆزىنى ئويۇپ پۈتۈنلەي ئەما قىلىۋېتىش نىيىتىگىمۇ كېلىدۇ. بىراق، جۈرئەت قىلالمايدۇ.

تۇرمۇشتا بىز داۋاملىق بەزى باللارنىڭ قىلدىن قىيىق كەتسە يىغلايدىغانلىقىنى؛ ئاچچىقى كەلسە نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇرۇپ چاقىدىغانلىقىنى؛ ياكى بولمىسا ھوجرا ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ ئاتا - ئانىسىنى ئەنسىرىتىدىغانلىقىنى، قېچىپ يىراق يەرلەرگە كېتىدىغانلىقىنى، ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىدىغان ... ئىشلارنى ئۇچرىتىمىز ياكى ئاڭلايمىز. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەيپىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كەيپىيات بوۋاق باللىق ۋاقتىتىن تارتىپلا مەۋجۇت. ئۇ باللارنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۆسۈپ بارىدۇ. شۇڭا، باللارنىڭ كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا تەربىيەنى بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ كۈچەيتىش زۆرۈر. ئۇنداقتا ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشىغا، ئۆز - ئۆزىنى كونترول

قىلىشىغا قانداق ياردەم بېرىشى كېرەك؟

**1. بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىشىگە، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشىغا ۋاقىت بېرىش**

ئاتا ـ ئانا بالىلارنىڭ ئۈلگىسى، ئاتا ـ ئانا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى باشقۇرۇشى، ناچار كەيپىياتىنى ئۆزگە ئېلىپ كىرمەسلىكى، بىر خىل بەختەر، ئىللىق پىسخىك شارائىت يارىتىشى، تەبەسسۇم نەزىرى بىلەن بالىلارغا قاراپ، ئۇلارغا ئەركىن، بەختەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىشى لازىم.

**2. بالىلارغا كەيپىياتىنى تونۇتۇش ۋە ئۇنى ئىپادىلەشنى ئۆگىتىش**

ئاتا ـ ئانا بالىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ھەر خىل كەيپىياتنى توغرا ئىگىلەتكۈزۈشى لازىم، ئادەتتە ئاتا ـ ئانا ئۆزى ياكى باشقىلار تۇرلۇك كەيپىياتتىكى ۋاقتىدا، دەرھال بالىنى يېتەكلەپ: «ئاپاڭ ھازىر ناھايىتى خۇشال!»، «ھىم، مېنىڭ ھازىر كۆڭلۈم يېرىم...» دېيىش ئارقىلىق بالىلارغا ئادەمدە بولىدىغان ھەر خىل كەيپىياتلارنى بىلدۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىلاردىن: «سېنىڭ كەيپىياتىڭ قانداقراق؟ خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ ماڭا سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟...» دەپ سوئال سوراش ئارقىلىق بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى تولۇق ئىپادىلىشىگە ياردەم بېرىش لازىم.

**3. ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنىمۇ كۆزىتىش**

ئويۇن گۆدەك بالىلارنىڭ پىسخىك تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەر خىل ئويۇن پائالىيىتى ئارقىلىق بالىلار ئۆز كەيپىياتىنى، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئىگىلىشى لازىم. ھېكايە سۆزلەش، ئويۇن ئارقىلىق رول ئېلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن بالىلارغا تەدرىجىي ئاكتىپ كەيپىياتنىڭ ئادەمگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغانلىقىنى،

پاسسىپ، ناچار كەيپىياتنىڭ ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

## 4. تۇرمۇشقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراشنى ئۆگىنىش

ئاكتىپ كەيپىيات ئادەمنىڭ يوشۇرۇن كۈچ ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتىدۇ. يۇقىرى جىسمانىي ۋە مەنىۋى كۈچىنى ساقلاپ، پىسخىك ساغلاملىقىنى قوغدايدۇ. پاسسىپ كەيپىيات ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىدۇ ۋە سالامەتلىككە زىيانلىق. شۇڭا، تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇش، بولۇپمۇ بالىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بالىنىڭ كەيپىياتى ئاتا ـ ئانا ھەرىكىتىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاتا ـ ئانا بالىلار بىلەن بىرگە تۇرغاندا «چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان» ھالەت بىلەن تەبەسسۇم قىياپىتىدە تۇرۇش، بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ بالىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش، ھەل قىلالمىغان بەزى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىپ، توغرا پوزىتسىيە ۋە تەدبىرلەر بىلەن ئۇلارنى ئۈمىدۋار بولۇشقا يېتەكلەش لازىم.

## 43. باللىنىڭ ھېسسىيات بۆلۈنمىسىنى يېتىلدۈرۈش

ھېسسىيات بۆلۈنمىسى بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى جىمغۇر، غەلىتە، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشالمايدىغان، زەئىپ، قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، ئالدىراڭغۇ، جاھىل ياكى كەيپىياتى تۇراقسىز بولسا، ھەرقانچە ئەقىللىق بولغان بىلەنمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ھېسسىيات بۆلۈنمىسى رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇشتا يېتەرلىك جاسارەتنىڭ بولۇشىنى، ھەتتا يېڭىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز بولغان خىرىسنىمۇ دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى، شۇنداقلا شەيئىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىنى پەرقلەندۈرىدىغان يېتەرلىك ئەقىل - پاراسەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى بىر مەشھۇر تەتقىقات ئورگىنى 188 شىركەتنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىسىنىڭ زېھنىي كۈچى بىلەن ھېسسىيات بۆلۈنمىسىنى تەكشۈرگەن. رەھبەرلىككە نىسبەتەن ھېسسىيات بۆلۈنمىسىنىڭ تەسىرى زېھنىي كۈچنىڭ تەسىرىدىن توققۇز ھەسسە كۆپ بولغان. بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىدە قانچىلىك نەتىجە قازىنىشى 20% زېھنىي كۈچكە، 80% ھېسسىيات بۆلۈنمىسىگە باغلىق ئىكەن. پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئەگەر بىر باللىنىڭ ھېسسىيات بۆلۈنمىسى يۇقىرى دەرىجىدە بولسا، ئۇنىڭ زېھنى كۈچى تولۇق جارى قىلىنىدىكەن. بىراق ھېسسىيات بۆلۈنمىسى ئادەمنىڭ كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆلچىمىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ماسلىشىشچانلىق ئىقتىدارىنى

كۆرستىدۇ. تۆۋەنرەك بولسا، ئۇنىڭ زېھنى كۇچىگە بىۋاستە تەسىر قىلغاچقا ئۇنۇمى تۆۋەنرەك بولىدىكەن. شۇڭا، بالىنىڭ ھېسسىيات بۆلۈنمىسىنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا يېتىلدۈرۈش ۋە تەڭشەش لازىم.

پەرھات بوۋىسى، مومىسى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەتىۋارلاپ بېقىشى بىلەن ھازىر سەككىز ياشقا كىردى. بۇ ئائىلىدە ئۇ بوۋىسى ۋە مومىسىنىڭ يۈرەك پارىسى. ئۇلار ئۇنى ئازراقمۇ ئۇۋالچىلىققا ئۇچراتقۇزمايدۇ، بوۋاي - مومايىنىڭ نەزىرىدە نەۋرىسى نېمە ئىش قىلسا ئورۇنلۇق، ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق تەلىپى ئەقىلگە مۇۋاپىق. بەزىدە پەرھات خاتالىشىپ، ئانىسى ئۇنى تەنقىد قىلسا، مومىسى ئارىلىشىپ ئۇنىڭغا يان باسىدۇ: «كىچىك بالا نېمىنى بىلەتتى، چوڭ بولغاندا، بىلىسە بولىدىغۇ؟...» بوۋا - مومىسىنىڭ يان بېسىشى بىلەن ئائىلىدە ئۇ ئۇششۇق، بىشەم بولۇۋالدى. بىراق، مەكتەپتە كىچىك دوستلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولغاچقا، ساۋاقداشلىرى بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ، زىددىيەتلىشىپ قالاتتى، ھەتتا ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ناچار ئىدى.

بالىنىڭ ھېسسىيات بۆلۈنمىسى ئاتا - ئانىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ خاراكتېرى تەبىئىي ئىرسىيەت بىلەن 40% باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئەمەلىي شارائىتنىڭ، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئائىلىۋى شارائىتى 60% رول ئوينايدىكەن. شۇڭا، ئائىلە بالىنىڭ ھېسسىيات بۆلۈنمىسىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ تۇنجى مەكتىپى. بۇ مەكتەپتە ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ھېسسىيات بۆلۈنمىسىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىن قول تىقىپ ئىشلىشى كېرەك:

### 1. بالىنىڭ ئۆزىنى بىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈش

ئۆزىنى بىلىش ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى بىلىش دېمەكتۇر. ئاتا - ئانا كىچىكىدىن بالىلارنىڭ خاپىلىق - خۇشاللىق، كۆڭۈللۈك - كۆڭۈلسىزلىك كەيپىياتلىرىنى ئېنىق بىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلىشى، بالىلار بىلەن ھەر كۈنى ۋاقىت ئاجرىتىپ سىردىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئۆزى سۆزلىيەلەيدىغان قىلىش لازىم.

### 2. بالىنىڭ ئىشەنچىسىنى يېتىلدۈرۈش

تۇرمۇشتا ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا كۆڭلىدە ئالدى بىلەن مەغلۇپ بولۇشنى ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلاش، ئۆزىنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، تالانت ئىگىسىنىڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

### 3. بالىنىڭ غۇرۇرىنى يېتىلدۈرۈش

بالىنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى لازىم. ئەگەر بالىدا قىسمەن ئاتا - ئانىسىنى نارازى قىلىدىغان ھەرىكەتلەر كۆرۈلۈپ قالسا، ئاتا - ئانا ئۇلارنى شەپقەتسىزلەرچە ئەيىبلەپ كەتمەستىن سەۋرچانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى لازىم. ئەگەر بالىلارنى بىر نەرسىنى ئويناشتىن توسۇيدىغان بولساق، ئۇنى سىلكىپ قوپال تەگمەي، ئەكسىچە بالىنىڭ دىققىتىنى ياخشى سۆزلەر بىلەن باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىش لازىم.

### 4. بالىنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش كۈچىنى يېتىلدۈرۈش

بالىنىڭ سەۋرچانلىق كۈچىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ مەسىلەن: گۆدەك بالىلار سۈت ئىچمەكچى بولسا، دەرھال ئۇنى قانائەتلەندۈرمەستىن، يىغلىغان ھالەتتىمۇ، بىر تەرەپتىن

ئۈنىڭغا سۆزلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ئەركىلەتكەن بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ئاندىن ئۇنىڭغا ئىچۇرۇش كېرەك.

سەۋر ـ تاقەت قىلىش ۋاقتىنى سىكۇنتتىن ـ مىنۇتقا ئاستا ـ ئاستا ئۇزارتىش، پۇللىرىنى تېزلا خەجلەپ تۈگىتىدىغان بالىلارغا نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانىسى مۇنداق دېيىش لازىم: «ئەگەر سەن بىر ھەپتە پارچە پۇل خەجلىمەي تاقەت قىلساڭ، كېلەر ھەپتە ساڭا ھەسسىلەپ پۇل بېرىمەن. ئۇ ۋاقىتتا سەن ئۆزۈڭ خالىغان ئەڭ ياخشى، ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالالايسەن!» بالىلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭغا دەرھال ياردەم بەرمەي، ئۇنى بىردەم چىداتقۇزۇشى، ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكنى مەلۇم قىلىش ھەمدە تېزلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تورىبېكىتى

# 44. باللارنى ئەپۇ قىلىش بىلەن يول قويۇشقا ئۆگىتىش

ئادەم ئەۋلىيا ئەمەس، ھەركىم نۇقسانلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. بولۇپمۇ باللار شۇنداق بولغاچقا، باشقىلارنى تېخىمۇ ئەپۇ قىلىپ، ئىناق ئۆتكەندىلا ئاندىن ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ خۇشال تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش شارائىتىنى يارىتالايدۇ.

ئەپۇچانلىق بىر خىل ئىنتايىن قىممەتلىك ھېسسىيات. ئۇ ئاساسەن باشقىلارنىڭ نۇقسانلىقىنى كەچۈرۈش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ھېسسىيات باللار خۇسۇسىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ ھېسسىي بۆلۈمىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئەۋزەل كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەپۇچان باللار كۆپىنچە ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ۋە باشقىلارنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئامراق كېلىدۇ. ئەپۇچانلىقى كەمتۈكلەر كۆپىنچە مىجەزى غەلىتە، چۈس، باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، كىشىلىك مۇناسىۋىتى ناچار ئادەملەردۇر.

مەدىنە يېقىندىن بىر رەسىملىك كىتاب سېتىۋالغانىدى. ئۇ دەرستىن كېيىنكى تەنەپپۇس ۋاقتىدا كىتابنى كۆرۈۋاتسا، بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان ساۋاقدىشى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۈستەل ئۈستىدىكى بىر دۆۋە سىياھ تۆيۇقسىز كىتاب ئۈستىگە تۆكۈلۈپ كېتىپ، كىتابنى كۆرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ. مەدىنە يىغلاپ يەنە بىر تەرەپتىن چىرقىراپ، ۋارقىراپ سىنىپنى

بىر ئالغاچقا، باشقا سىنىپنىڭ بالىلىرىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ نېـ-
مە بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇشىدۇ. ئېھتىياتسىزلىقتىن رەڭـ-
نى تۆكۈۋەتكەن ساۋاقدىشى ئوڭايسىزلانغان هالدا كەچۈرۈم
سورايدۇ ۋە دەرھال يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇ كىتابتىن بىرنى سېتىـ-
ۋېلىپ مەدىنەگە بېرىدۇ. بىراق، مەدىنە بولدى قىلماي بۇ
ئەھۋالنى ئوقۇتقۇچىسىغا، ئائىلىسىگە قايتىپ دادىسىغا ئېيتىـ-
دۇ. دادىسى ئۇنىڭغا جىددىي تەلەپپۇزدا: ھەركىمنىڭ ئېھتىياتـ-
سىزلىقتىن خاتالىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى
شۇ ساۋاقدىشىڭنىڭ ئورنىدا قويۇپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن رەڭنى
تۆكۈۋەتسەڭ، ساۋاقدىشىڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ كىتابىنى تۆ-
لەتسە، يەنە ئوقۇتقۇچىسىغا دەپ سېنى تەنقىد قىلدۇرسا، سەن
خۇرسەن بولامسەن؟ ئوقۇغۇچى مۇلايىم، دوستانە بولۇشى، «قىلنى
قىرىق يېرىپ، تۈگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى، بولۇپمۇ
ساۋاقداشلىرىغا نىسبەتەن قارنى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشى،
ئۇششاق ئىشلارغا ئېسىلىۋالماي، ھېچقىسى يوق، دەپ ئەپۇ قىـ-
لىۋېتىشى لازىم دەپ نەسىھەت قىلدى. مەدىنە دادىسىنىڭ سۆز-
لىرىنى ئاڭلاپ خىجىل بولدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئەپۇ
قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.»

ھازىر يالغۇز پەرزەنتلەر كۆپ بولغاچقا، بالىلار مەكتەپتە
ئۇۋۇالچىلىققا ئۇچرىسا، بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار ئۆيدە
ئولتۇرالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلىرىغا: «باشقىلار سېنى
كەچۈرسە، سەنمۇ كەچۈر. باشقىلار سېنى بوزەك قىلىپ ئۇرسا،
سەنمۇ ئۇر!» دەيدۇ. ھەتتا بالىلارغا بىر قىسىم ئادەم ئۇرۇش
ئۇسۇللىرىدىن تارتىپ ئۆگىتىدۇ. مۇنداق بالىلار مەكتەپتە
ساۋاقداشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى ھەل
قىلالمايدۇ. كەلگۈسىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ
قىلىشىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ

ئۆگىنىشى، شۇنداقلا كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن بالىلارنى ئاق كۆڭۈل، ئەپۇچان قىلىپ يېتەكلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر:

**1. ئاتا ـ ئانا بالا ئۈچۈن ئۈلگە بولۇش**

بالىنىڭ ئەپۇچانلىقىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاتا ـ ئانا. بالىلار ئەڭ دەسلەپتە ئاتا ـ ئانىسىدىن شەيئىلەرگە ۋە كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇڭا، بالىلار ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرەر نەرسىنى يەنى ئىستاكاننى چېقىۋېتىش، پىيالە قولىدىن چۈشۈپ كېتىشكە ئوخشاش ئۆتۈشاق ئىشلاردا بالىنى ئەيىبلەپ، تىللاپ كەتسەڭ، بالىمۇ بۇ خىل خاھىشنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋېلىپ، باشقىلارغا ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، بالىنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىپ كېيىنكى قېتىمدا دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش لازىم.

**2. پىسخىك ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش**

ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش دېگىنىمىز، بالىلار ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ قالغاندا، ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا قويۇپ تۇرۇپ مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىش دېگەنلىكتۇر. كۆپىنچە بالىلار ئۆزىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپلا مەسىلىنى ئويلاشقا ئادەتلەنگەن. بۇ خىل ھادىسىدىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلى «پىسخىك ئورۇن ئالماشتۇرۇش». بالىلار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن پىسخىك ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى، يەنى جاپالىق ئىشلەپ بالا تەربىيىلەۋاتقانلىق ئەجرىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ تەپەككۇر قىلسا، ياشانغانلارنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى پىسخىك ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەش ئىنتايىن زۆرۈر.

## 3. باشقىلارنى چۈشىنىشكە يېتەكلەش

ئاتا - ئانا باللارغا شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، ئالتۇن ساپ بولمايدۇ، ئادەم مۇكەممەل. نۇقسانلىقنىڭ كۆرۈلۈشى ئادەم تەبىئىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى، باللار ئۆز ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە پىكىردە ئورتاقلىشىپ تۈرلۈك ئىختىلاپلارنى قائىدە سۆزلەش، سىردىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى قوغدىشى شەرت. «قىلنى قىرىق يېرىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان»، ئۇششاق ئىشلارنى كۆتۈلگە ئېلىپ، باشقىلارنى ۋە ئۆزىنى ئازابلايدىغان ئىشلاردىن خالىي بولۇشى ئۈچۈن، باشقىلارنى كۆپرەك ئەپۇ قىلىپ كەچۈرۈۋېتىش ۋە چۈشەندۈرۈش لازىم.

ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئەپۇ قىلىش ھەرگىزمۇ قورقۇنچاقلىقنىڭ، ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. شۇنداقلا پىرىنسىپ جەھەتتە ياكى «ئەسكى، ناچار» ئادەملەرگە يول قويۇشمۇ ئەمەس. بۇ نۇقتىنى باللارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

## 4. باللارنى يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش

ئەپۇ قىلىش يالغۇز ئادەمگە بولغان پوزىتسىيە جەھەتتىلا ئىپادىلەنمەستىن، ئۇ يەنە شەيئىلەرگە بولغان پوزىتسىيە جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار باللارنى كۆپرەك يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشى، ئۆزگىرىشچان ھەر خىل نەرسىلەر ۋە تۇرمۇشتىكى ھاۋا مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن خەۋەردار قىلىشى لازىم.

ئەپۇچانلىق — بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، بىر خىل ئالىيجاناب پەزىلەت. شۇنداقلا يەنە ئۇ ئادەم بولۇشنىڭ بىر خىل سەنئىتى. ھەر خىل رىقابەت بىلەن تولغان جەمئىيىتىمىزدە، ئەپۇ قىلىشقا تېگىشلىكنى ئەپۇ قىلىپ، كەڭ ئاممىا بىلەن ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئاندىن رىقابەتتە ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىيەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 45. ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، كەمتەر بولۇش

كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ. تەكەببۇرلۇق ئادەمنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ. بۇ ھازىرمۇ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىمىز. شۇنداقلا، ئىختىساسلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈنمۇ بۇ نۇقتىغا مەڭگۈ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بەزى ئالاھىدىلىك ياكى نەتىجىنى كۆرۈپلا «موزايدەك» قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋالسا تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى»، دۇنيادا قابىللار كۆپ، بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرمۇ چەكسىز، مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

كىچىككىنە نەتىجىگە ئېرىشىپ تەكەببۇرلۇق قىلىشقا ھېچقانداق سەۋەب يوق. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا: ئۆزىنىڭ تېخى كىچىكلىكىنى، بىلىدىغىنىنىڭ ئاز، تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىنى، ئەستايىدىل ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، چوڭلاردىن، كىچىك دوستلاردىن ئۆگىنىشنىڭ لازىملىقىنى تونۇتۇشى لازىم. «ئۈچ ئادەمگە بىر ئۇستاز لازىم». باشلامچىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنسە، ھەرقانداق نەرسىنى ئۆگىنىۋالغىلى ۋە يەڭگىلى بولىدۇ. تەكەببۇرلۇق ئادەمنى ئالغا باسقۇزمايدۇ. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ مۇقەررەر ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئارمان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىغا چىققاندىلا دادىسى ئۇنى كۆزىتىشكە باشلايدۇ. ئۇ ناخشا ئاڭلاشقا، ناخشا تۇۋلاشقا ئامراق. بىراق ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالمايدۇ. ئۇ پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرۈش ھەۋەسكارى، لېكىن ئۆزى

ھەربكەتلەنمەيدۇ. ئۇ يەنە كىتاب كۆرۈشكە قىزىقىدۇ، لېكىن جىمغۇر. دادىسى ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى تەبىئىي پەن ئۆگىنىشكە مۇۋاپىق دەپ ئويلاپ، ئەتراپتىكى ئىلىم - پەن ھادىسىلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ. ئارماننىڭمۇ غەيرىيلىكنى چۈشىنىش، غەيرىيلىككە ئىنتىلىش قىزغىنلىقى كۈچلۈك. دادىسى ئۇنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان ئۆز ئەتراپىدىكى ھادىسىلەرگە قىزىقتۇرىدۇ. مەسىلەن: پويىزدا ئولتۇرغاندا دادىسى ئارماندىن توختىماي سورايدۇ: پويىز ماڭغاندا دېرىزە سىرتىدىكى دەرەخلەر نېمە ئۈچۈن ئارقىغا يۈگۈرەيدۇ؟

— پويىز ئالدىغا ماڭغانلىقى ئۈچۈن.

— تېخىمۇ يىراققا قارا! يىراقتىكى دەرەخلەر ئالدىغا مېڭىۋاتامدۇ، ئارقىغىمۇ؟

— قانداقسىگە ئالدىغا ماڭسۇن، پۈتكۈل زېمىن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئوقنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىۋاتىدۇ.

دادىسى بىر قېتىم كىرئالغۇ بىلەن كىر يۇغاندا، ئارماننى تۇۋلاپ، سۇ تولدۇرۇپ ئايلىنىۋاتقان كىرئالغۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاينام بوشلۇققا قولىنى سېلىپ، تەجرىبە كۆرسىتىش ئارقىلىق قويۇن بورىنىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى سىناق قىلىپ كۆرسەتتى ... دادىسىنىڭ مۇشۇنداق يېتەكلىشى بىلەن ئارمان ئەلا نەتىجە بىلەن 1986 - يىلى پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆسمۈرلەر سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرىپ، كېيىن 1997 - يىلى ئامېرىكىدا ئوقۇپ، فىزىكا پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى.

دېمەك، شۇنى بىلىش كېرەككى، تەكەببۇرلۇق خۇددى بىر ئىزىدا توختاپ قالغان كۆلچەكتىكى تۇرغۇن سۇغا ئوخشايدۇ. كۆلچەكتىكى سۇ ئالغا قاراپ ئاقالمىغاچقا، بىر ئىزىدا چىرىپ -

سىستىپ تۇگەيدۇ. بۇ خىل تۇرغۇنلۇق ھالەتنى ئۆزىمىز كولاپ پەيدا قىلغان. كىمدە كىم بۇ خىل تۇرغۇنلۇق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ ئېقىن سۇدەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولىدىكەن، تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت ناچار ئىللەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ ئۈزۈكسىز ئالغا بېسىشى لازىم.

ئۇنداقتا ئاتا - ئانا قانداق قىلىپ بالىلاردا كەمتەرلىك ئالىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرەلەيدۇ؟

1. بالىنىڭ ئۆزىنى بىلىشىگە ياردەملىشىش، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە — ئۆز - ئۆزىنى بىلىش. بالىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى پەقەت ئۇنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىدىن پەيدا بولىدۇ. ئاتا - ئانا بالىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ: بۇ خىل ئەۋزەللىكنىڭ پەقەت بەلگىلىك دائىرە ئىچىدىلا ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇنى تېخىمۇ چوڭ دائىرە ئىچىگە قويساق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى تەكىتلەش كېرەك. ئاتا - ئانا بالىلارغا توغرا پوزىتسىيەدە ئاكتىپ ئىلگىرىلەش، تىرىشىپ ئۆزىنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلاش ··· قاتارلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى زۆرۈر.

## 2. بالىغا تەكەببۇرلۇقنىڭ زىيىنىنى تونۇتۇش

ئاتا - ئانا بالىغا تەكەببۇرلۇقنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشىنىڭ توسالغۇسى ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق بىر نەتىجىنىڭ قەدەم - باسقۇچلار بويىچە توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەندىن قولغا كېلىدىغانلىقىنى، بىلىمنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش، شۇنداقلا تەكەببۇرلۇقنىڭ نەزەر دائىرىسى كىچىك ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئالىملارنىڭ تەجرىبىلىرى، ھېكايىلىرى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ، بالىنى تېخىمۇ كەمتەر بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەش لازىم.

### 3. تەنقىد ۋە تەكلىپنى توغرا تونۇشقا يېتەكلەش

تەنقىد كۆپىنچە بىر ئادەمنىڭ نۇقسانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم تەنقىدنى قوبۇل كۆرىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ نۇقسانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن بولىدۇ. ئەگەر دائىم باشقىلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزۈكسىز ئۆزىنى تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار باللارنى باشقىلارنىڭ تەكلىپ ۋە تەنقىدلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەش لازىم.

### 4. باللارنى خالىغانچە تەقدىرلىمەسلىك

باللار كۆپىنچە زىيادە تەقدىرلەشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. تەقدىرلەش زىيادە كۆپ بولسا، باللاردا ئوڭايلا قانائەتلىنىش ۋە تەكەببۇرلۇق پىسخىكىسى ھاسىل بولىدۇ. باللارنى تەقدىرلىگەندە بالىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى، مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى تەقدىرلەش لازىم، بۇمۇ بالىنى تەقدىرلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

## 46. باللارنى قايتا ئويلىنىشقا يېتەكلەش

قايتا ئويلىنىش ئىقتىدارى كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئىچكى ئىقتىدارىنىڭ ئەقلىي كۈچى. ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۈزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چوڭلارغا نىسبەتەن قايتا ئويلىنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغاندا، ئۆزىنىڭ ئارتۇق ـ كەمچىللىكىنى توغرا تونۇپ ئۆزىنى ئىززەتلەپ قائىدىلىك، پىلانلىق ھالدا كىشىلىك تۇرمۇش پىلانىنى تۈزەلەيدۇ. قىيىنچىلىق ياكى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى توغرا تەڭشەپ، ئاكتىپلىق بىلەن قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ قەدەممۇ قەدەم مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

قايتا ئويلىنالايدىغان باللار ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئاتا ـ ئانىسىدىن مىننەتدار بولىدۇ. ئەلۋەتتە قايتا ئويلىنالايدىغان باللار كۆپىنچە گەپ ئاڭلايدىغان ياخشى باللاردۇر.

بىر ئانا ئۆز ئوغلىنىڭ چاتاق چىقىرىپ قويسا، ئۆزىدىن كۆرمەي باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بايقاپ، بالىنى قايتا ئويلىنىپ مەسئۇلىيەتنى ئۆزىدىن ئىزدەشكە يېتەكلىمەكچى بولىدۇ.

بىر قېتىم ئوغلى شەنبە كۈنى مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان مەكتەپنىڭ ئولىمپىك ماتېماتىكا مۇسابىقىسىگە قاتناشماقچى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىسى ياخشى بولۇپ، مۇسابىقىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىمالى چوڭ ئىدى.

جۈمە كۈنى ئوغلى ئادەتتىكىدەك دەرستىن كېيىن ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە مەيداندا توپ ئوينايدۇ. ئۆيگە قايتىپ تېلېۋىزور كۆرىدۇ. دەرستىن سىرتقى كىتابلارنى كۆرىدۇ، تاكى سائەت 11 بولغاندا ئاندىن ئۇخلايدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئادەتتىكى كۈندىكىدەكلا سائەت 9:00 دا ئورنىدىن تۇرىدۇ. مەكتەپكە بارغاندا ئىمتىھان ئالللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئىمتىھانغا بىر سائەت كېچىككەچكە، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ئۆيگە كېلىپ ئانىسىدىن «ئويغىتىپ قويمىدىڭ» دەپ ئاغرىنىدۇ. ئانىسى ئوغلىغا مۇنداق تەربىيە قىلىدۇ: «ئوغلۇم! سېنىڭ شەنبە كۈنى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلىقىڭ ئېنىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن جۈمە كۈنى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىپ بۇرۇنراق ئۇخلىمايسەن؟ باشقىلار قاچانغىچە كەينىڭدە يۈرۈپ سېنى ئويغىتىدۇ؟ باشقىلارنىڭ بىر ئۆمۈر سېنى ئويغىتىشى مۇمكىن ئەمەس! سەن ئۆز ـ ئۆزۈڭنى تەربىيەلەپ ئويغىتىشنى ئۆگەن. خاتا ئىش قىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە قايتا ئويلان!» شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالا خاتا ئىش قىلسا قايتا ئويلىنىدىغان بولدى ۋە ئوخشاش تۈردىكى خاتالىقنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىدىن خالىي بولدى.

يۇقىرىقى مىسالدىن بالىلارنىڭ قايتا ئويلىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ قايتا ئويلىنىش ئىقتىدارىنى قانداق يېتىلدۈرەلەيدۇ؟

**1. بالىنىڭ خاتالىقنى بىۋاستە ئەيىبلىمەسلىك**

بالىنىڭ خاتالىقنى بىۋاستە ئەيىبلىگەندە، بالىدا ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن نارازىلىق تۇيغۇسى شەكىللىنىپ، بالىنىڭ ئىچكى ئەقلىي كۈچىنىڭ تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مۇنداق چاغدا، تەمكىن پوزىتسىيە بىلەن، يان تەرەپتىن چىقىپ

بالىنى قايتا ئويلىنىشقا يېتەكلەش ۋە سەۋەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش لازىم.

**2. بالا خاتالىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر**

خېلى كۆپ ئاتا ـ ئانىلار بالىلار خاتالاشسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزى جاۋاب قىلىپ، بالىلارغا گەپ كەلتۈرمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلار خاتالاشساقمۇ ھېچ گەپ يوق ئىكەن، دەپ قاراپ مەسئۇلىيەتتىن قاچىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ئويلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسىز. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار خاتالىقىنىڭ ئاقىۋىتىگە بالىلارنىڭ ئۆزىنى مەسئۇل قىلىشى، بالىلارغا خاتالىقىنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى لازىم.

**3. تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلەشكە يېتەكلەش**

تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەشنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە، خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئالدىن مۆلچەرلەش، يەنى ئويلىغاندەك نەتىجە بېرەمدۇ ـ يوق، ناۋادا شۇنداق بولسا، ئۇلار داۋاملىق شۇ بويىچە ئىشلەيدۇ. نەتىجە ئۇلار ئويلىغاندەك چىقمىسا، بالىلار تەجرىبە ـ ساۋاقنى يەكۈنلەپ ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى، ھەرىكەت پىلانىنى تەڭشەيدۇ. ئەگەر بالىلار تەجرىبە ـ ساۋاقنى يەكۈنلەشنى بىلسە، قايتا ئويلىنىشنى بىلگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

**4. شەيئىنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەشنى بىلىش**

كۆپلىگەن بالىلار بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى نىسبەتەن ئاددىي بولغاچقا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىشى چوڭلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئالدىن مۆلچەرلەشكە يېتەكلىشى لازىم.



www.uyghurkitap.com

## 47. مۇكاپاتلاش بىلەن چارە كۆرۈشنى تەڭ تۇتۇش

بالىغا نىسبەتەن مۇكاپات بىلەن چارە كۆرۈش ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان بىر خىل مۇھىم تەربىيەلەش سەنئىتى. ياخشى نىيەت بىلەن مۇۋاپىق مۇكاپاتلاش ياكى چارە كۆرۈش بالىنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىراق، ئارقا ـ ئارقىدىن زىيادە رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن ئېغىرلىتىپ چارە كۆرۈش ئارزۇغا خىلاپ هالدا ئىشنىڭ تەتۈرسىگە ماڭىدۇ. ئائىلە تەربىيەسىدە ئاتا ـ ئانا مۇكاپات بىلەن چارىنىڭ ئۆلچىمىنى توغرا ئىگىلىگەندە، ئاندىن بالىنى تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ئېهسان بوۋىسى بىلەن موممىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى قېشىغا قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئېهساندا نۇرغۇن ناچار ئادەتلەرنىڭ بارلىقىنى هېس قىلدى: ئويۇنچى، جىم ئولتۇرالماسلىق، قوپال، كىتاب ئوقۇماسلىق ··· قاتارلىقلار. بۇ ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسى هەر خىل تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنۇمى ياخشى بولمىدى. بولۇپمۇ ئېهسان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققاندا، ئۇنىڭ نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئەڭ ئارقىدا قالدى.

دادىسى بالىنىڭ بۇ ئەهۋالىدىن ئەنسىرىدى: ئەگەر بالا مۇنداق كېتىۋەرسە ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەنلەپ، كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بالىنىڭ كەمچىللىكىنى يېڭىش

ئۇچۇن سەۋرچانلىقىنى يوقىتىپ، «يۇقىرى بېسىم شەكلى» نى قوللاندى. ھەربىر قېتىم تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىگەن ياكى خاتا ئىشلىگەن ۋاقىتتا، دادىسى ئۇنىڭغا «پوپوزا قىلىپ، تىللاپ» قايتا ئىشلەتكۈزدى. بىراق، يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. دادىسىنىڭ ئۇسۇلى ئۇنىڭغا ئۇنۇم بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە بالا دادىسىدىن قورقۇپ دەرس توغرىسىدا گەپ ـ سۆز قىلمايدىغان، تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئىشلىمەي، ئەپلەپ ـ سەپلەپ قولدىن ئۆتكۈزىدىغان، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى سۇس، ناچار خاھىش پەيدا بولدى.

بۇنىڭ بىلەن دادا ئۆزىنىڭ ئىھسانغا بولغان تەربىيە مەزمۇنى ۋە شەكلى ئۈستىدە قايتا ئەستايىدىل ئويلاندى: گەرچە بالا ئۆزىنىڭ بولسىمۇ بىراق ئۇنى چۈشىنىش يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن. ياخشى كۆڭۈل بۆلەلمەپتۇ. ئۇسۇلىمۇ ئىلمىي ئەمەسكەن. شۇنىڭ بىلەن دادا ئىلگىرىكى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ سوغۇققانلىقىنى قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئالدىراقسانلىقتىن سەۋرچانلىققا يۆتكىدى، ئىھساننىڭ كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقىنى تېپىپ ئۇنى ماختاپ، رىغبەتلەندۈرۈشكە، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قاراتتى. مەسىلەن: ئىھسان تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولۇپ، دادىسىغا كۆرسەتكەندە، گەرچە تاپشۇرۇق دادىسىنىڭ تەلىپىدىن خېلى يىراقتا تۇرسىمۇ، بىراق دادىسى ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىدىن ئىمكانقەدەر ئارتۇقچىلىقىنى تېپىپ ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۇنى رىغبەتلەندۈردى. دادىسىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ تەربىيەلىشى نەتىجىسىدە، ئىھساننىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالغا باستى. ساۋاقداشلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىمۇ ياخشىلاندى.

يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ تۆۋەنلىشى ئاساسەن ئاتا ـ ئانىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بالىنىڭ پسخىكىلىق مىجەزىنى چۈشەنمەستىن بولغان. سەۋر ـ تاقەتنىڭ كەملىكى، تەقدىرلەشنىڭ يېتەرسىزلىكى، تەنقىدنىڭ كۆپلۈكى نەتىجىسىدە، بالىنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، قورقۇش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىۋەتكەن. شۇڭا، بالىنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك بولمىغاندا، بالىنىڭ ئاكتىپلىقىغا «سوغۇق سۇ سېپىپ» زەربە بەرمەي: «بالام! سەن ھەر كۈنى ئىلگىرىلەۋاتىسەن، ئالدىرىما! ‹تاما! تاما! كۆل بولۇر› دېگەندەك ئاخىرى بېرىپ مەقسىتىڭگە يېتىسەن» دەپ بالىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئۆستۇرۇپ، رىغبەتلەندۇرۇپ بەرسەك، بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشىلىنىپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۇرتكە بولىدۇ.

**1. مۇكاپات ۋە جەرىمانە جەدۋىلىنى بەلگىلەش**

سىنىپتىكى ئۆگىنىش جەدۋىلىگە ئوخشاش ئائىلىدىمۇ بالىنىڭ ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن مۇكاپات ۋە جەرىمانە جەدۋىلىنى ئۆينىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان ئورنىغا ئېسىپ قويسىمۇ بولىدۇ.

**2. مۇكاپات ۋە جەرىمانە جەدۋىلىنى خاتىرىلەش**

بالا بىلەن بىرلىكتە، مۇكاپات ۋە جەرىمانە ئۆلچىمى بويىچە، بىر خىل ھەرىكەت تاماملانغاندىن كېيىن مۇكاپات ۋە جەرىمانىنىڭ كونكرېت تەرەپلىرىنى خاتىرىلەپ مېڭىش، خاتىرىلەشنى بالا ئۆزى يازسا، ئاتا ـ ئانىسى نازارەت قىلسا بولىدۇ.

**3. مۇكاپات ۋە جەرىمانىنىڭ ئۆلچىمىنى ياخشى ئىگىلەش**

ئەمەلىيەت جەريانىدا، بالىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە نىسبەتەن يېڭى ھەرىكەت پىلان تۈزىنى كۆپەيتىپ، تۈزىنىڭ كۆپىيىشىگە قاراپ، مۇكاپات ۋە جەرىمانىنىڭ سانىنىمۇ ئاشۇرۇش، بىر ھەرىكەت تاماملانغاندىن كېيىن يېڭى ھەرىكەت

باشلىنىشىدا، جەدۋەلنى بېكىتىپ قايتا تۈزۈش لازىم.

**4. ماددىي ۋە مەنىۋى رىغبەتلەندۈرۈشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش**

بالىلار ئادەتتە مەدھىيە بىلەن شان ـ شەرەپنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بولۇپمۇ تۆۋەن يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى مۇكاپات بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە مۇۋاپىق بولغىنى ياخشى. مۇكاپات بىلەن جەرىمانىدا، ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپات ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بالىنىڭ كىچىككىنە يالتىرىغان نۇقتىسى بولىدىكەن، مۇكاپاتلاش، ھەتتا ھەر كۈنى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. جەرىمانە پەيتىنى تاللاش، بالا قايىل بولغۇدەك بولۇشى شەرت.

## 48. باللارنىڭ غەيرىيگە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى قوغداش

بىرەر نەرسىگە ئۇچاي قىزىقىدىغان بالىنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسى كۈچلۈك بولىدۇ. بىلىم ئىگىلەش جەريانىدا تېخىمۇ قىزىقىپ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا بىلىم ساھەلىرىگە بۆسۈپ كىرىدۇ.

كۆپلىگەن باللارنىڭ ھەممىسىدە قىزىقىش بولىدۇ. بۇ، باللارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ۋە ئەقىل - پاراسەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. مەيلى چەت ئەلنىڭ بولسۇن ياكى ئۆز ئىچىمىزدە بولسۇن، مەشھۇر زاتلار كىچىك چېغىدىلا مەلۇم پەن تۈرلىرىگە قىزىققانلىقىدىن، چوڭ بولغاندا غايەت زور تۆھپىلەرنى ياراتقان.

دۇنيادا تۇنجى قېتىمقى ئايروپىلاننىڭ كەشپىياتچىسى ئاكا - ئۇكا رايىتلار كىچىك چېغىدىلا بىرەر نەرسىگە ھەۋەس قىلغۇچىلاردىن ئىدى. بىر قېتىم ئۇلار دەرەخ تۈۋىدە ئويناۋېتىپ، دەرەخ ئۇستىگە شولا تاشلىغاندا ئاينى تۇتماقچى بولۇپ، يامىشىپ چىقىدۇ - دە، ئاينى تۇتماقتا يوق، ئەكسىچە كىيىم - كېچەكلىرىنى دەرەخكە ئىلىندۇرۇپ يىرتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دادىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئەيىبلىمەستىن، ئەكسىچە قائىدە سۆزلەپ ئۇلارنى يېتەكلەيدۇ. دادىسىنىڭ يېتەكلىشىدە، ئۇلار كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ «مىنىپ ئۇچۇرىدىغان چوڭ قۇشنى ياسىماقچى بولىدۇ. دادىسى ئۇلارغا تىك ئۇچار ئايروپىلان، تەقلىدىي ياسالغان ئايروپىلان

ئويۇنچۇقنى ئېلىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئايروپىلان ياساش قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئۇلار ماتېرىيال ئاختۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك يوقىرىغا ئۆرلەش تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، دادىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، كۆپ قېتىم تەجرىبە ئىشلەپ، ئاخىرىدا دۇنيادا تۇنجى قېتىمقى ئايروپىلاننى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بالىنىڭ ئىجادىيەت كۈچى ئۇنىڭ قىزىقىشىدىن كېلىدۇ. بالىنىڭ قىزىقىشى كۆپىنچە كىشىلەر ئانچە ياقتۇرمايدىغان غەيرىي تىراگېدىيەدە پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا ھەرگىز ئالدىراقسانلىق بىلەن ئۇلارنى توسماسلىقى، ئەيىبلىمەسلىكى، ئەكسىچە بالىسىنىڭ قىزىقىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى، ھەربىر قەدەمگە چاۋاك چېلىپ رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم.

ئۆسمۈرلەر پىسخولوگلىرى ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قىزىقىشنىڭ بالىنىڭ بىلىم ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەلۇم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇڭا، بالىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇستازى بولغان ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ قىزىقىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

قانداق قىلغاندا بالىنىڭ قىزىقىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؟

## 1. ئاتا ـ ئانىلار سەۋرچان بولۇش

بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەتراپىدىكى دۇنيا شۇنداق سىرلىق، يېڭى ۋە گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە يېڭىلىق، بىلىم ئېلىش ئىستىكى تولۇپ تاشىدۇ. دائىم «بۇ نېمە؟ ئۇ نېمە؟...» دەپ سورىغۇسى كېلىدۇ. بۇ سوئاللارغا نىسبەتەن چوڭلار سەۋرچانلىق بىلەن توغرا چۈشەندۈرۈشى،

يېتەكلىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**2. ئاتا ـ ئانىلار كەمتەر بولۇشى**

ئاتا ـ ئانا ئوكيانشۇناس ئەمەس، بالىلار ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن سورىغاچقا ھەممىسىگە توغرا جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىلمەيدىغانلىرىنى بالىغا ئېنىق ئېيتىشى، بالا بىلەن بىرلىكتە جاۋابىنى ئىزدىشى لازىم. شۇنداقلا بىلىمنىڭ چەكسىزلىكىنى، ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ، ئىزدىنىپ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، تەبىئەت دۇنياسىدا تېخىچە بىلىپ بولمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم.

**3. ئاتا ـ ئانىلاردا ئۆسمۈرلەرچە قەلب بولۇش**

بالىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر بالىلارچە گۆدەكلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى ھەرگىز مەسخىرە قىلماسلىق لازىم. چوڭلار بالىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغاندا، بالىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ئوڭايلا چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوللاش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. مەسىلىلەرگە چۈشىنىشلىك جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنى قانائەتلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلىدۇ.

**4. ئاتا ـ ئانا سەممىي بولۇش**

بالىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىش بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا نىسبەتەن ئەڭ زور قوللاشتۇر. بالىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە، سۆز ئارىسىدا قائىدىسىز، يالغان سۆزلەر قىستۇرۇلۇپ قالمىسۇن، جاۋاب ئىلمىي بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، بالىلاردا ئوڭايلا شەيئىلەرگە بولغان خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 49. بالىلارنى قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە يېتەكلەش

ھاياتلىق مۇساپىسى تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىمەستىن، دولقۇنسىمان ئالغا باسىدۇ. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ئەگەر ئوڭۇشسىزلىقنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرساق، ئۇ ۋاقىتتا «قىيىنچىلىق ــ ئەڭ ياخشى ئۇستاز» ھېسابلىنىدۇ. كېيىن مەيلى قانداق زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايلى، قەھرىمانلارچە كۆكرەك كېرىپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى تېپىپ، داۋاملىق ئالغا باسقىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، ھەتتا قورقۇپ ھېچ ئىش قىلالماي، ئاخىرى زىيانكەشلىككە دۇچار بولىدۇ. ئۆسۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بالىلار ھەرقايسى تەرەپلەردىكى بىلىملىرىنىڭ كەمتۈكلۈكى تۈپەيلىدىن ئۆگىنىشتە بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، ئالاقزادە بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

بىر بالىنىڭ باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى، ئۇستازى مۇنداق ياخشى ئوقۇغۇچىسىنىڭ بولغانلىقىدىن شەرەپ ھېس قىلىدۇ. باشقا ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ شەھەرلىك نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئۇ ھەرقايسى مەكتەپلەردىن كەلگەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ. ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئارقىدا قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ

سەۋەبلىرىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەي، ئەكسىچە ئوقۇتقۇچىدىن ئاغرىنىپ «ئىختىساسلىقلارنى بايقىيالمىدى» دەپ قاراپ مەكتەپ ئالماشماقچى بولىدۇ. دادىسى باش قاتۇرۇپ: «بالام ھازىر ئۆسمۈرلۈك ھالىتىدە تۇرغاچقا بەزى مەسىلىلەرنى توغرا چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر قارشىلىشىش كەيپىياتى كۈچلۈك، زورلاش، تىللاش كار قىلمايدۇ…» دەپ ئويلايدۇ - دە، ئاخىرى بالىغا ئۈگۈشسىزلىقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئېزىپ، ئىچۇرۇپ تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، بالىدا ئوقۇشتىن ۋاز كېچىش قارىشى ئۆزگىرىپ شارائىتقا ماسلىشىدۇ. يەنە جىددىي ئۆگىنىش سېپىگە كىرىشىپ كېتىدۇ.

بۈگۈنكى بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى يېمەكتىن، كىيىمەكتىن، ئىچمەكتىن غەم - غۇسسىسىز ئەركە چوڭ بولغان، جاپا - مۇشەققەت، تېجەش … لەرنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانا بالىلارنى كىچىك چېغىدىن باشلاپ جاپالىق تىرىشىپ ئىشلەشنى بىلىشكە، ياخشى نەتىجىنىڭ ئوڭايلىقچە قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىقتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، كۆلۈمسىرەش ئارقىلىق ھەرقانداق چوڭ قىيىنچىلىقنى كۆتۈۋېلىشكە تەييار تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۇرۇش لازىم.

**1. ئوڭۇشسىزلىققا تاقابىل تۇرۇشتا بالىلارنى كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇش**

بالىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئاتا - ئانا ۋاقتىدا كۆڭۈل بۆلۈپ ئىلھاملاندۇرۇشى، بالىغا تەسەللى بېرىپ تېگىشلىك ياردەمنى ئايىماسلىقى لازىم. شۇنداقلا پاسسىپ ھالدا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىشى، بىر قىسىم ئاكتىپ تەرەپلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بالىغا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقۇشنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىھاجەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

**2. بالىغا چېنىقىش پۇرستى بېرىش**

ئاتا ـ ئانىلار ئەسلىدىكى تەربىيەلەش پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، بالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ چېنىقتۇرۇشى، بالىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى، ھاسىرىشى، تاماقسىز قېلىشى ... قاتارلىقلاردىن ئەنسىرمەسلىكى، يىقىلىپ چۈشسە ئۆزىنىڭ قايتا ئورنىدىن تۇرۇشىغا مەدەت بېرىشى لازىم. بالا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلسۇن. بالا ئۆزى قىلالايدىغان ئىشقا ئاتا ـ ئانىسى ياردەملەشمىسىمۇ بولىدۇ. ئائىلىۋى تۇرمۇشتا بالىنى تۇز سىزىق بويىچە قېلىپلاشتۇرغان قىلىپلاشتۇرمايدىغان، ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

**3. ئوڭۇشسىزلىق تەربىيەسى ئادەمگە قاراپ يەرقلىنىدۇ**

ئوخشاش بىر خىل ئوڭۇشسىزلىق ئوخشىمىغان بالىلارغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان پسخىك ئىنكاسى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، يەنى بالىسىنىڭ غورۇرى كۈچلۈك، نومۇسچان بولسا، مۇنداق بالىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۇۋالچىلىق ھېس قىلىپ قايغۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانا بۇ خىل بالىلارغا قارىتا نارازى بولۇپ تەنقىد قىلماستىن، كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم. ئەسلىدە ئىشەنچىسى كەمچىل، ئىشەنچىسى يوق بالىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئاتا ـ ئانا ئۇلارنى ئەيىبلەپ كەتمەي، كۆپرەك تەسەللى بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاپ، قايتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرستى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

## 50. بالىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش

كىشىلەر ئېينىشتېيىننى كىچىك چېغىدا پىيانىنو چېلىشنى ئۆگىنىپ، چۈشىنىش ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئۆستۈرگەچكە كېيىن نۇرغۇن ئىجادىيەتلەرنى يارىتىپ، ئىنسانلار پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان دېيىشىدۇ. بۇ قاراش مەيلى قانداق بولسۇن، قوش تەرەپلىمىك ياكى كۆپ تەرەپلىمىك مائارىپ شەكلى بالا چېغىدىكى ئېينىشتېيىننىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئاساس يارىتىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى كۆپ تەرەپلىمە ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئېينىشتېيىن بالا ۋاقتىدا، ئانىسى ئۇنىڭغا بىر كومپاسنى سوۋغا قىلىدۇ. ئېينىشتېيىن كومپاسنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ. گەرچە ئۇ بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ كومپاسقا ئوخشاش بۇ جىسىملارنىڭ ئارقىسىغا بىرەر سىرلىق نەرسىنىڭ چوڭقۇر يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ دائىم مۇشۇ سىرلىق كۈچنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئېينىشتېيىن، بۇ سىرلىق شەيئىلەرنىڭ سان - سىيرلار بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى پوستى ئىچىگە گۈزەل، ئەمما تەرتىپلىك بولغان ئىچكى قۇرۇلمىلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇلار ئېينىشتېيىننىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ جاۋابى يادقا ئوقۇشتىن ئەمەس، بەلكى

ئەمەلىي كۆچكە تايىنىش ئارقىلىق جاپالىق ئىشلەشتىن مەيدان كېلىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ كەسكىن رىقابەت بىلەن تولغان سەھنىسىدە بالىلىرىمىزنىڭ دۇچ كېلىدىغان ئاددىي قەغەز سوئالى بولماستىن، بەلكى مۇرەككەپ تۇرمۇشنىڭ بىر ـ بىرلەپ قويغان ئەمەلىيەت سوئالى. بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشى ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن ئۆزئۆزىنى سايىسىغا باغلىق.

ئۆزئۆزىنى سايا تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىش بالىنىڭ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ مۇھىم بىر يولى. بالىنىڭ كەلگۈسى كەسكىن رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى قازىنىشى ئۈچۈن، پەرزەنتىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىنى يالغۇز قەغەز يۈزىگە ياكى ئىمتىھان سوئالىغىلا مەركەزلەشتۈرمەستىن، يەنە ئۇنى ئۆزئۆزىنى سايىغا ئىگە قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆزئۆزىنى سايىسىنى قانداق تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈشى لازىم؟ پېداگوك مۇتەخەسسىسلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ:

1. تەن سالامەتلىك بارلىق ئىشلارنىڭ دەسمايىسى

ساغلام تەن بولمىسا، ھوقۇق، پۇل ـ مۈلۈك، ئورۇن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتتا چىققان بىلەنمۇ، جەمئىيەت، شەخس ۋە ئائىلىگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار يالغۇز بالىنىڭ ئۆگىنىشىگىلا كۆڭۈل بۆلمەستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى، سىرتقى پائالىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، ياخشى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق تەن سالامەتلىكتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم دەسمايىنىڭ مۇكەممەل، كۈچلۈك بولۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر.



www.uyghurkitap.com

**2. ئادەم بولۇش ئاساسنى تۇرغۇزۇش**

ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ساغلام خاراكتېرى ۋە ئەخلاقىنىڭ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئالدى بىلەن ۋەتەننى، خەلقنى، ئاتا ـ ئانىسىنى سۆيىدىغان، شۇنداقلا چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ئالىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

**3. باللارنىڭ مۇئامىلە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش**

كىشىلەر بىلەن ئالاقە مۇناسىۋىتىنى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار تۇرمۇشتا پەزەنتلىرى بىلەن دوستلىرىدەك مۇئامىلە قىلسا، ھەممە ئىشتا ئۆزئارا مەسلىھەتلەشسە، بالىنىڭ ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**4. بالىنىڭ مەسىلەرنى بايقىشى ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش**

باللار كۈندىلىك ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا ھەر خىل مەسىلەرگە ئۇچراپ، تېگىگە يېتەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇ خىل ئەھۋالنى ۋاقتىدا بايقاپ توغرا يېتەكلەپ، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشى ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىشى، يەنى مىسال ئۇچۇن يالغۇز بىلىق بېيىشنى ئۆگەتمەستىن، بەلكى بىلىقنى قانداق تۇتۇشنىمۇ ئۆگىتىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 51. ساغلام خاراكتېر بىلەن ئالىيجاناب روھنى يېتىلدۈرۈش

ئېينىشتېين مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمنىڭ زېھنىي كۈچى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئادەم خاراكتېرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تايىنىدۇ». ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بالىنىڭ ساغلام خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشى ئىنتايىن مۇھىم.

بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ياخشى ئادەمگە ئايلىنىشى دۆلەت مائارىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقىنى، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ۋە كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلە.

شىياڭگاڭلىق كاتتا باي لى جياچېڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەشتە، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى سەككىز ـ توققۇز ياشقا كىرگەندە، لى جياچېڭ ئۇلارنى شىركەتنىڭ لىدىرلار يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنى يىغىن مۇزاكىرىسىگە، شۇنداقلا دادىسى لى جياچېڭنىڭ بىرىنچىدىن «پۇلنى كۆزلىمەسلىك»، ئىككىنچىدىن «سەممىيەتكە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش» بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

كېيىن ئىككى ئوغلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ستانفور ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ دادىسى ئىشلەۋاتقان شىركەتتە «ئىش تەۋرەتمەكچى» بولدى. بىراق لى جياچېڭ ئۇنى رەت قىلىپ، «شىركىتىم سىلەرگە ئېھتىياجلىق ئەمەس، يەنىلا

ئۆزۈڭلار ئىگىلىك تىكلەڭلار! ئەمەلىيەت سىلەرنىڭ لاياقەتلىك ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن ئاندىن شىركىتىمىزگە كەلسەڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى كانادادا بىرى، يەر - زېمىن ئېچىش شىركىتىگە، يەنە بىرى، مەبلەغ سېلىش بانكىسىغا باردۇ. ئۇلار تەسەۋۋۇردىنمۇ ئارتۇق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى كانادادا سودا ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلارغا ئايلىنىدۇ. لى جياچېڭنىڭ «رەھىمسىزلىكى» بالىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە مەجبۇرلاپ، ئۇلارنىڭ يۈكسەك شىجائىتىنى، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان ئادىمىيلىك خاراكتېرى ۋە ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى چېنىقتۇرىدۇ.

بالىلارنىڭ ساغلام خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە يالغۇز ئۇلۇغ قائىدىلەرنى سۆزلىسىلا يېتەرلىك بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى كۈندىلىك تۇرمۇشتىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇندىشى شەرت:

**1. دېموكراتىك، ئىناق ئائىلە مۇھىتى بەرپا قىلىش**

ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيەسى، پوزىتسىيەسى ۋە تەربىيەلەش شەكلى بالىلارنىڭ ساغلام خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېموكراتىك، ئىناق كەيپىيات بىلەن تولغان ئائىلىدىكى بالىلار ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئائىلىنىڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە ئۆزلۈكىدىن قاتنىشىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ساغلام بولمىغان ئائىلە مۇھىتىدىكى بالىلاردا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەم، ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ئېغىر، ھەتتا بەزىلىرى زورلۇق - زومبۇرلۇققا مايىل.

**2. بالىلارنىڭ غۇرۇرىنى ئاسراش**

بالىلار گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇستەقىل، ئۆزىنىڭ ئۈمىدى، تەلىپى، قىزىقىشى ۋە ئارزۇسى بار. ئاتا -

ئانىلار ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بالىلارغا تاڭماستىن، بەلكى بالىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىلەرگە قارىشى، ئۇلارنى كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم. بالىلارنى كىچىك دەپ خالىغانچە ئۇرۇپ - تىللىماسلىقى، بوزەك ئەتمەسلىكى، مەسخىرە قىلماسلىقى كېرەك. ھازىر گەرچە بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا قارىتا پىسخىكىلىق بېسىم ۋە ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتى ئېغىر. ئەسلىدىكى ئارام ئالىدىغان «قوش دەم ئېلىش» كۈنلىرى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ «جاپالىق كۈنلىرى» گە ئايلانماقتا. بۇلار بالىلارنىڭ ساغلام خاراكتېرىنى يېتىلدۇرۇشكە پايدىسىز.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقىنى، چاقنىغان نۇقتىلىرىنى كۆرگەن ھامان ۋاقتىدا ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشى، بالىلارچە غۇرۇرىنى قوغدىشى زۆرۈر.

## 3. بالىنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇستەقىللىقىنى كۈچەيتىش

ھازىرقى زاماندىكى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى يالغۇز پەرزەنت بولغاچقا، ئۇلار ھەربىر ئائىلىنىڭ «كىچىك قۇياشى». يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلاردىن تارتىپ ھەممىسى تەييار. ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى پەقەت ياخشى ئۆگەنسىلا بولدى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتا - ئانىسى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىدۇ. «تاماق كەلسە ئاغزىنى ئاچقان، كىيىم كەلسە ھەتتا كىيدۈرۈپ قويغان»، بالىلار مۇنداق پۇتۇنلەي چوڭلارغا تايىنىۋالسا، سالامەتلىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە بالىلارنىڭ ئەمگەك ئادىتى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ پايدىسىز.

## 52. ئەخلاقىي پەزىلەت ــ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى

بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەخلاقىي پەزىلەت جەمئىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمى. بىر سەممىي، ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان ئادەم كىشىلەر ئەڭ ئىشىنىدىغان ئادەم؛ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ كۆمىچىگە چوغ تارتمايدىغان ئادەم مۇھىم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم. مۇنداق ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ ئالغا بېسىش يولى بارغانسېرى توسالغۇسىز، داغدام بولىدۇ.

19 ـ ئەسىردىكى گېرمانىيەلىك پېداگوك فوبېر: «دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى ھۆكۈمرانلار قولىدا دەپ قارىغۇچە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قولىدا دەپ قارىغان ياخشىراق» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئائىلە تەربىيە مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا، ئائىلە تەربىيەسىنىڭ كۆپ تەرەپلىرىدە ئەخلاق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئائىلە بولسا، بالا ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ مۇھىم سورۇنى.

ئاتا ـ ئانىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا بولغان غايەت زور تەسىرى، بولۇپمۇ ئەخلاق ئادىتى، خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش تەرەپلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئائىلە تەربىيەسى كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشنىڭ ئاساسىي ئۇلى. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىدىيەۋى ھەرىكىتى بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈشىنى ئىلگىرى

www.uyghurkitap.com

سۇرسە، ناچار ئەخلاقىي قىلمىشلىرى بالىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۇمىدىنى ۋەيران قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ «ئاساسىي ھۈجەيرىسى» بولغان ئائىلە بالىلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى شەرت:

### 1. توغرا ئائىلىۋى تەربىيە قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش

ئائىلە تەربىيەسىدە ئەخلاقنى ئاساس قىلىپ بالىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ناۋادا ئائىلە تەربىيەسىدىكى بۇ ئاساسىي قاراشتىن مەسىلە چىقسا، بالىنىڭ ئەخلاقىي مەسىلىسىدىن «چاتاق» چىقىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

### 2. ئەخلاق جەھەتتە ئۈلگە بولۇش

بالىلارنىڭ ئەڭ ئىشىنىدىغىنى ئاتا ـ ئانا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى بالىلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلماي تەربىيە نىشانى بىلەن بىردەك بولمىسا، تەربىيە مەقسىتىگە يەتمەيلا قالماستىن، بەلكى بالىنى ئۆزىنىڭ ناچار ئەخلاقى بىلەن بۇلغايدۇ.

### 3. ئەخلاقنىڭ ئىنچىكە، كونكرېت تەرەپلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەخلاقىغا كۆڭۈل بۆلگەندە، ئۇنىڭ بىخلىنىش ھالىتىدە تۇرغان ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىشى لازىم. ئەگەر كىچىك نۇقسانلىقلارغا پەرۋا قىلمىساق، بۇ خىل ئۇششاق مەسىلىلەر جۇغلىنىپ كۆپىيىپ، ئاخىرى سۈپەت ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 4. ئاممۇي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش

بالىلارنى پايدىلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش، كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، «مەنمەنچىلىك» ئىدىيەسىدىن خالىي قىلىش، كىچىك چېغىدىن باشلاپلا «مەن باشقىلار ئۈچۈن» دېگەن پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# 53. بالىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر پروفېسسورلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدار نەزەرىيەسى» دىكى ئىنسانلارنىڭ سەككىز چوڭ ئەقلىي ئىقتىدارى قاتارىدا «كىشىلىك مۇناسىۋەت» نى بىر خىل مۇھىم ئىقتىدار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

نۆۋەتتە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنىڭ مۇھىملىقى بارغانسېرى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماقتا. بالىلار بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشاش كىچىكىدىن تارتىپ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشى لازىم.

قەيسەر بۇ يىل سەككىز ياش، باشلانغۇچ مەكتەپ 4 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، ئۇنىڭ بويى پاكار، تېرىسى قارامتۇل، كۆزلىرى يوغان، تۇرقىدىن ھۈركۈپ كەتكەن قۇشتەك ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ يالغۇز پەرزەنت، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئۈمىدى بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتىدۇ. ھەر كۈنى مەكتەپنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلىگەندىن سىرت، يەنە ئاتا ـ ئانىسى ئورۇنلاشتۇرغان دەرستىن سىرتقى تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسى قەيسەرنىڭ ھەر قېتىملىق ئىمتىھان نەتىجىسىدىن، ھەتتا سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولسىمۇ رازى بولمايدۇ. ئۆگىنىشكە تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىشىغىمۇ يول قويمايدۇ. بۇ خىل ئۇزاق ۋاقىتلىق ئائىلە تەربىيەسى قەيسەرنىڭ باشقىلار

بىلەن ئالاقە قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئۇ ساۋاقداشلار مۇناسىۋىتىدە بەزىدە قىزغىن بولسا، بەزىدە سوغۇق بولغاچقا ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. قىزغىن بولغاندا ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ «كاللىسىدا مەسىلە بار» دەپ قارىشىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى قەيسەر ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز يۈرۈيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىنىپىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا جىممىدە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدۇ.

ئادەم — ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. بالا بىر ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ «شېرىكى» بىلەن ئۇچرىشىشقا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بىراق ھەر بىر بالا ئۇچۇن ئېيتقاندا، شېرىكلىرى بىلەن قانداق ئۇچرىشىش، قانداق مۇناسىۋەت باغلاش بۇمۇ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان بىر خىل بىلىم.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەمەلىيەت جەريانىدا كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. ئۇنداقتا ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە قانداق يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم؟

**1. بالىلارنىڭ ئالاقىلىشىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈش**

بالىلارنى تەڭ دېمەتلىكلىرى بىلەن پاراڭلىشىشقا ئۈيۈشتۈرۈش، بىرلىكتە ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى ساياھەت قىلىش، ئائىلە ئولتۇرۇشىغا تەشكىللەش ... ئارقىلىق بالىغا مۇئامىلە قىلىش شارائىتى يارىتىپ بېرىش لازىم.

**2. ئۆزگە ئىشىندىغان، تۈرگۈن قىلىپ تەربىيەلەش**

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، ئۆزگە ئىشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بىر بالا گەرچە چىرايلىق، سۆزمەن ياكى ساغلام بولۇپ كېتەلمىسىمۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى ھازىرلاشقا تېگىشلىكى

ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىدە؛ بالىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىگە ئىشەنگەندىلا ئاندىن باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە قورۇنماي تەك تۇرالايدۇ.

### 3. ئۆز دىمەتلىكلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش

مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بەزى ئاتا ـ ئانىلاردەك بالىلارغا زىيادە بېسىم پەيدا قىلىپ قويۇپ، ئالاقە بوشلۇقى يارىتىپ بەرمىسە بولمايدۇ. چوقۇم ئۆز دىمەتلىكلىرى بىلەن سۆزلىشىشكە، ئارىلىشىشقا، بىرگە ئويناشقا رىغبەتلەندۇرۇش كېرەك.

### 4. بالىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى قورقۇش پىسخىكىسىنى يېڭىشىگە ھەمدەمدە بولۇش

بالىدا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش جەھەتتە قورقۇش ياكى بىزار بولۇش پىسخىكىسى كۆرۈلگەندە، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ھەقىقىي سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىپ، «كېيىسەلگە قاراپ ئادەم داۋالاش» زۆرۈر. بالىغا بولغان بېسىم زىيادە كۆپ بولسا، بەزىبىر ئويۇنلار ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتىش كېرەك. ئېغىر بولغان ئىجتىمائىي قورقۇنچ كېسىلى بولسا، پىسخىكىلىق داۋالاش ئورۇنلىرىدا داۋالىتىش لازىم.

## 54. بالىلارنىڭ دوست تاللىشىغا ياردەملىشىش

دوست ــ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بايلىقى، قەدىرلەشكە تېگىشلىك مۇناسىۋەت. بەزىلەر كەمبەغەل بولسىمۇ، دوستلارنىڭ غەمخورلۇقى بولغاچقا، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋېرىدۇ. بەزىلەر گەرچە باي بولسىمۇ، تۇرمۇشىدا ھەقىقىي ھەمراھى بولمىغاچقا، كۆڭلىرى زېرىكىشلىك ئۆتىدۇ.

كۇڭزى دوستلارنى پايدىلىق ۋە پايدىسىز دەپ ئىككى خىلغا بۆلگەن.

قارنى ـ كۆكسى كەڭ، بىلىمى مول كىشىلەر پايدىلىق دوستلار بولسا؛ مىجەزى چۇس، ئىچى تار، كۆڭلى قارىلار پايدىسىز دوستلاردۇر. بالىلار دوست تۇتماقچى بولسا، كۇڭزىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن پايدىلانسا بولىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ دوستلۇقى ئىنسانلار دوستلۇقىنىڭ ئۈلگىسى. 1842 ـ يىلى ماركس بىلەن ئېنگېلس تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ دوستلاشقاندىن كېيىنكى 40 يىل ئىچىدە، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە بىرگە بولۇپ، ھەقىقىي دوستلۇقنى ئورناتقان. ئىنقىلاب ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئۇلار گەرچە ئىككى ئورۇندا 20 يىل ئايرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دوستلۇق رىشتىسى مىنۇت، سېكۇنتمۇ ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق.

ئېنگېلس بىر مەزگىل كېسەل بولۇپ ياتقاندا، ماركس خۇددى ئۆزى ئاغرىپ قالغاندەك بىئارام بولىدۇ ھەم دەرھال ئېنگېلسقا خەت يازىدۇ: «مەن سالامەتلىكىڭىزگە خۇددى ئۆزۈمگە كۆڭۈل بۆلگەندەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق كۆڭۈل بۆلىمەن!»

ئېنگلىس ماركستىن ئىبارەت «ئەڭ مۇنەۋۋەر مۇتەپەككۇر»نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقتا ئۆچرىغان ماركسقا ياردەم بېرىدۇ ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا دادىسى باشقۇرۇۋاتقان شىركەتلەرگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگلىسنىڭ ئالىيجاناب دوستلۇقىغا نىسبەتەن لېنىن يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ دوستلۇقى تارىختىن بۇيانقى بارلىق دوستلۇقلار ئىچىدىكى ئەڭ تەسىرلىك قىسسەلەردىن بولۇپ قالدى…»

يالغۇزلۇق كۆپىنچە بالىلارنىڭ پسىخىك روھىنى ئازابلايدۇ. داۋاملىق جىمغۇر يۈرۈيدىغان بالىلار ساغلام بولمىغان پسىخىكا ۋە ئىلمىي بولمىغان خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر بالىلار يالغۇز ئۆگىنىش، خىزمەت بىلەنلا بولسا، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنىمۇ بىلمىسە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ تۇرمۇشى، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاممىۋى تۇرمۇشقا، دوستلارغا موھتاج.

بالىلار تۇرمۇش مۇساپىسىدە، نۇرغۇن تاللاشلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى دوست تاللاش، جورا تاللاش ۋە خىزمەت تاللاشتىن ئىبارەت ئۈچ خىلدۇر. بۇ تاللاشلارنىڭ مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقى بالىلارنىڭ كەلگۈسىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دوست تاللاش مەسىلىسى بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئويلىنىشقا تېگىشلىك كىشىلىك تۇرمۇش ماۋزۇسى. شۇڭا، بالىلارنىڭ دوست تاللاش مەسىلىسىگە ئاتا ـ ئانىلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

### 1. توغرا دوست تاللاش قارىشىنى تۇرغۇزۇش

قەدىمدىن بۇيانقى تارىخ بېتىگە قارايدىغان بولساق، مەشھۇر زاتلارنىڭ، ئىختىساسلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى

دوستلىرىنىڭ تەسىرى، يېتەكلىشى، ياردىمى ۋە ھەمكارلىششىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. گېرمانىيەلىك لېيرت مۇددىئا ـ مەقسەتلىرى بىر يەردىن چىقىدىغان يېقىن دوستىنىڭ ياردىمىدە خىمىيە كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ئۇلۇغ ئالىمغا ئايلانغان. فىرانسىيە يازغۇچىسى مۇپاسسان مېھرىبان دوستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەشھۇر يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان…

ئوخشاشلا بىر قىسىم بالىلارنىڭ تاپتىن چىقىپ چۇشكۇنلىشىشى ئاساسەن كوچىلاردا ئېقىپ يۈرگەن، ياخشى ئۆگەنمىگەن، بىكار تەلەپ، ناچار دوستلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ياردەملىشىپ دوست تاللىغاندا يىراقنى كۆرىدىغان، ئادىل، توغرا، سەممىي پەزىلەتكە ئىگە بالىلارنى ئالدىنقى تاللاش قاتارىغا قويۇشى لازىم.

## 2. بالىنىڭ تاللىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش

كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەكلى. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن خىزمەتلەر كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىششى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى بالىلار كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئۆگىنىشى شەرت. بىراق ھازىر بالىلارغا نىسبەتەن ھەمكارلىششنى ئۆگىنىش جەھەتتە، تەڭ دېمەتلىكلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى كەمچىل. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار ئامالىنىڭ بېرىچە، بالىلارنى يەسلى ۋە باغچىلارغا ئەۋەتىپ ئۇلارغا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىش زۆرۈر. ئۇ ۋاقىتتا بالىلار تارتىنچاقلىقىنى، باشقىلارنى يات ئالىدىغان خۇي ـ پەيلىنى ئۆزگەرتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزلىرى دوست ئىزدەيدۇ.

## 3. باللارنىڭ ئىناقلىقىغا كونكرېت يېتەكلىك قىلىش

بالا ــ بەربىر بالا، كىچىك دوستلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە مۇناسىۋىتىدە ھەر خىل مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ يېتەكلىشى لازىم. باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئازارلىشىش، سۈركىلىش، «ھەق سۆز» لەرنى ئۆگىنىۋېلىش، بىر ـ بىرىنى تىللاش قاتارلىق ئىشلارغا نىسبەتەن ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىپ، باللارنىڭ زىددىيىتىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىشى كېرەك. بىرقانچە بالا بىرگە بولغاندا، تەبىئىي ھالدا ئۇلار ئىچىدىن باشلامچىلىرى چىقىدۇ. ئۇ «باشلامچىلار» نىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشمۇ ناھايىتى مۇھىم.

www.uyghurkitap.com

# 55. باللارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قەيسەر ئىرادىگە موھتاج

مۇۋەپپەقىيەت ـــ قەيسەر ئىرادىگە موھتاج. ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابىنىلا ئويلاپ، ئۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدەنمىسەك، ئۇنداقتا، ئۇ ھايات چوقۇم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قەيسەر ئىرادە ئارقىلىق مەغلۇبىيەت ئۈستىدىن غالىب كەلسە، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا «ھاياتىمىز تەيشەن تېغىدىنمۇ ئەھمىيەتلىك» بولىدۇ.

باللارنىڭ ئىرادىسى ئاجىز، چىدامچانلىقى يېتەرسىز. كۆپىنچە «بىلسىمۇ» ئەپلەشتۈرۈپ «قىلالمايدۇ»، ئۇزاق بەرداشلىق بېرىشى تېخىمۇ قىيىن. كۆپلىگەن باللار دەرس ۋاقتىدا دىققىتىنى تازا مەركەزلەشتۈرۈلمىگەچكە نەتىجىسى گاھ يۇقىرى، گاھ تۆۋەن، ئۇششاق خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى. قەيسەر روھىنىڭ نامايان بولالمىغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

جاڭ خەيدى ئالتە يېشىدا تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا ئۈچ قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئومۇرتقا سۆڭىكىدىن ئالتە پارچە ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۆمۈرلۈك پالەچ بولۇپ قالىدۇ. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى باسالماي ئاتا ـ ئانىسىغا: «مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيمەن ··· مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيمەن···» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن

يالغۇزلىقتا قالغۇزىدۇ. جاك خەيدى ئوقۇش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىدۇ. ئۇ يول ماڭالمىغاچقا، ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى يۈدۈپ مەكتەپكە ئاپىرىدۇ. دەرس ماتېرىياللىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئۇنى تەمىنلەيدۇ. بىراق، كېسەل رەھىمسىز، ئادەمگە باقمايدۇ. چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابى ھەر قېتىم ئۇنى قىيىنىغاندا، جاك خەيدى قەيسەرلىك بىلەن چىداپ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاققۇزمايدۇ. ئاغرىق جان - جېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇ دىققىتىنى چېچىش ئارقىلىق كېسەل ئازابىنى يېنىكلەتمەكچى بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن چېچىنى قاماللاپ تارتىدۇ. جاك خەيدى مۇشۇنداق بىر تەرەپتىن كېسەل بىلەن كۈرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلىسىنى بىر «ئالاھىدە مەكتەپ»كە ئايلاندۇرۇپ، نۇرغۇن يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. 10 يېشىدا رومان ئوقۇغۇدەك سەۋىيەگە ئېرىشىدۇ. ئەينى دەۋردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى «زورا ۋە شۇرا» نىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ ھەم مۇشۇنداق قەيسەر ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن دەرسلىرىنى ئوقۇپ تاماملاپ، ئاخىرى «ئورۇندۇقتىكى ئارزۇ» نى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

بىلىم — بىر بايلىق. ئاغرىقتا بەرداشلىق بېرىپ جاپالىق ئوقۇغان جاك خەيدى ئاخىرى ئۆزىنىڭ بايلىقىغا ئېرىشىدۇ ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

قەيسەر ئىرادىلىك ئادەم قىيىنچىلىق ئالدىدا ئارقىغا يانماي، ئەكسىچە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، قىيىنچىلىق ئىچىدىن نەتىجە يارىتىدۇ. ئىرادىسى ئاجىزلار ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، قىيىنچىلىق ئالدىدا قورقۇپ تىترەيدۇ. شۇڭا، باللىرىمىزنى قەيسەر، ئۈمىدۋار، ساغلام ئۆسسۇن دېسەك، چوقۇم كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى

چىنىقتۇرۇشىمىز لازىم.

تۆۋەندە بالىلارنىڭ ئىرادىسىنى چىنىقتۇرۇشنىڭ بىرقانچە ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز:

### 1. نىشان بويىچە يېتەكلەش

بالىلارنىڭ تىرىشىش نىشانى بولۇشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ياردەم قىلىپ قىسقا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك نىشاننى بېكىتىشكە ياردەم بېرىشى كېرەك. بالىلاردا نىشان بولغاندىن كېيىن، ئاندىن شۇ نىشان بويىچە تىرىشىپ قەيسەرلىكنى، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان جاسارەتنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق، نىشان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن مۇۋاپىق بولۇشى، تىرىشىسىلا مەنزىلگە يەتكىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك. نىشاننىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا ئاسان ياكى قىيىن بولۇشى بالىنىڭ ئىرادىسىنى چىنىقتۇرۇشقا پايدىسىز.

### 2. بالىنى مۇستەقىل ھەرىكەت قىلدۇرۇش

كىيىم كىيىش، ئويۇنچۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇش، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەش قاتارلىقلارنى بالىنىڭ ئۆزىگە قىلدۇرۇش كېرەك. بالا بۇ خىل ئىشلارنى مۇستەقىل قىلىش جەريانىدا، مەيلى ئېغىر ياكى يېنىك بولسۇن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدۇ.

### 3. توسالغۇلارنى يېڭىش

قەيسەر ئىرادە جاپالىق چېنىقىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. قانچە قىيىنچىلىق كۆپ بولسا، ئادەمنىڭ جاپاغا چىداش ئىرادىسى شۇنچە تاۋلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئاڭلىق ئاساستا بەزى توسالغۇلارنى سۈنئىي پەيدا قىلىپ، بالىلارغا قىيىنچىلىقنى يېڭىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش لازىم.

### 4. ئۆزىنى كونترول قىلىش

بالىلارنىڭ قەيسەر ئىرادىسى چوڭلارنىڭ قاتتىق تەلىپى

ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە باللارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلىشىنىڭ نەتىجىسى. ئۆز ـ ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش، تىزگىنلەش، ئۆز ـ ئۆزىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈش، بېشارەت بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىرادىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ياخشى شەكلى. مەسىلەن: باللار قىيىن ھەربىكەتكە دۇچ كەلگەندە «بىر، ئىككى، ئۈچ···» ياكى ئۆز ـ ئۆزىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «نېمىدىن قورقىسەن، يۈرەكلىك بول! يەنە چىدىغىن!» دەپ توۋلاش قاتارلىق ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئىرادىسىنى تاۋلىسا بولىدۇ.

### 5. رىغبەتلەندۈرۈش

تەقدىرلەش، رىغبەتلەندۈرۈش ئىشەنچنى ئۆستۈرۈپ، ئىرادىنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىلىق. باللارنىڭ پائالىيەت جەريانىدا ئېرىشـكەن نەتىجىلىرىنى، ئاز ـ تولا چاقنىغان نۇرلىرىنى مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەقدىرلىسە، بۇ باللارنىڭ داۋاملىق تىرىشىشىغا ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. ئەكسىچە، «سېنىڭ بۇ ئىشىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، مەن بۇرۇنلا دېگەن، سەندە مۇنداق ئىقتىدار يوق!» دېگەندەك بالىنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان تۈتۈرۈقسىز سۆزلەر ئىـشەنچنى يوقىتىپ، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىسىز.

# 56. بالىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش

رىقابەت — كىشىلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىكىشىش، كۈچ سىنىشىش ياكى ئاشكارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. رىقابەتنىڭ نەتىجىسىدە، ئەلالىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىدۇ. يەنى ئالىيلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، ناچارلىرى مەغلۇپ بولىدۇ؛ غالىبلىرى مەنپەئەتكە ئېرىشسە، مەغلۇپلىرى مەنپەئەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. خۇددى دارۋىن جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويغاندەك «ماسلىشالىغانلىرى تاللىنىدۇ، ماسلىشالمىغانلىرى شاللىنىدۇ» بۇنىڭدىن رىقابەتنىڭ بىر خىل ئەمەلىي كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىي كۈچى ئۈستۈنلەرنىڭ ھايات قېلىپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، ئەمەلىي كۈچى ئاجىزلارنىڭ شاللىنىدىغانلىقىنى ياكى يوقىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. رىقابەت يەنى، ئەقىل - پاراسەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش، ئىقتىدارلىقلار غەلىبە قىلسا، ئادەتتىكىلەر مەغلۇپ بولىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا رىقابەت ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا مەۋجۇت. مەسىلەن: ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇياش نۇرىنى، نەملىكنى ۋە ئوغۇتنى تالىشىش ھەرىكىتى؛ ھايۋاناتنىڭ تۇرالغۇ ئورنىنى، جىنسىي ھەمراھىنى ۋە ئوزۇقلۇقنى تالىشىش ھەرىكىتى؛ كارخانىلار ئارىسىدىكى خام ماتېرىياللارنى، بازار ۋە سېتىش - سېتىۋېلىشنى تالىشىش ھەرىكىتى قاتارلىقلاردۇر. بولۇپمۇ، ھازىرقى جەمئىيەتتە، بازار

رىقابىتى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، يەنە خالىي بولغىلى بولمايدىغان كەسكىنلىك ۋە رەھىمسىزلىك خاراكتېرىگە ئىگە.

بىرەر كارخانا ياكى ئورۇن رىقابەت جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، ئۇ مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ تەرەققىي قىلىدۇ؛ ئەكسىچە رىقابەتتە مەغلۇپ بولسا، ۋەيران بولۇپ تاقىلىدۇ.

لى جياچېڭ 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن بۇيان دۇنيانىڭ ئۆي - زېمىن ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە نوپۇزلۇق شەخسكە ئايلاندى. ئۇ شياڭگاڭلىقلارنىڭ بايلىق ئىلاھى. لى جياچېڭنىڭ جاپاغا چىداپ ئىشلەشتە سەممىي روھى، ھاردىم - تالدىم دېمەيدىغان قەھرىمانلارچە جاسارىتى، مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش كۈچى، دادىللىق بىلەن سىياسەت بەلگىلەش ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئادەم ئىشلىتىشكە ماھىرلىقى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى بولغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇ «دەرىجىدىن تاشقىرى لى فامىلىلىك»، «سەممىيەتچىل ئاكا»، «سۇلياۋ شاھى»، «يەر - زېمىن ئەجدىھاسى»، «يەر - زېمىن شاھى» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى لى جياچېڭنىڭ ھەربىر قېتىملىق رىقابەتلەردە قەدەممۇ قەدەم ئۈستۈنلۈك قازانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

شەخسنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ــــ شۇ شەخسنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى، جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارى، شۇنداقلا شەخسنىڭ ئىجادىيەت ۋە تەرەققىيات ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەخسنىڭ جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىشىنىڭ تۈپكى ئاساسى.

شەخسنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى كۆپ تەرەپلەردىن ئەكس ئەتكەچكە، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلەردىن قول سېلىپ ئىشلىشى

زۆرۇر.

**1. ئەنئەنىۋى مائارىپ قارىشىنى ئۆزگەرتىش**

ئاتا ـ ئانىلار كۆپىنچە «گەپ ئاڭلايدىغان، قولىقى يۇمشاق...» بالىلارنى ياخشى بالىنىڭ ئۆلچىمى قىلىشىدۇ. بۇ بىر خىل كونا قاراش. بالىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مەۋجۇدىيەت تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، كىچىكىدىن ئۇلاردا مۇستەقىل ئاڭ، سېزىم، قەيسەر ئىرادە، ئويلاشقا، ئىشلەشكە، ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان روھ، قىيىنچىلىقتىن، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقمايدىغان جاسارەت بولۇشى لازىم.

**2. توغرا رىقابەت قارىشىنى ئۆستۈرۈش**

يەسلى مەزگىلى بالىلاردىكى ئاڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق ۋاقتى، شۇنداقلا ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەت ۋە خاراكتېرنىڭ يېتىلىش مەزگىلى. بالىلار ئوخشىمىغان ئوبيېكتلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەتتە باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان رىقابەت ئېڭىنىڭ بىخلىرىنى ھاسىل قىلىشقا باشلايدۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئاتا ـ ئانىلار ئۇ خىل بىخلارنىڭ ئۆسۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى توغرا يېتەكلىشى لازىم.

**3. بالىلارنىڭ ئىجادىيەت تەپەككۇرىنى كۈچەيتىش**

ئۇ بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈش، بالىلارنىڭ مېڭە ئىشلىتىش، ئۆزى ھەرىكەتلىنىش، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە كىتابقىلا ئېسىلىۋالماستىن، مەسىلىلەرنى بايقاش، ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر يولى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بالىلارنىڭ «پۇت قولىنى چۈشەپ» قويۇشتەك كونا تەربىيە شەكلىدىن ۋاز كېچىدۇ.

**4. رىقابەتكە نىسبەتەن توغرا قاراش**

رىقابەت بولىدىكەن، مۇقەررەر ھالدا يېڭىش ـ يېڭىلىش بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ۋە باللار مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا «مەن كۈچلۈك دېمىگىن، دۇنيادا سەندىمۇ كۈچلۈكلەر كۆپ» دېگەن جۈملىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، مەنمەنلىك ئىدىيەسى ئۆسۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. مەغلۇپ بولغاندا «يىقىلغان ئورۇندىن دەس تۇرۇپ» سەۋرچانلىق بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ، نىشانىنى توغرىلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم. غەلىبە قىلغاندا كۆرەڭلەپ، مەغلۇپ بولغاندا چۈشكۈنلىشىش ـــ توغرا رىقابەت قارىشىنىڭ كەمتۈكلۈكىنىڭ ئىپادىسى.

# 57. يېغىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش

يېغىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ساپا تەربىيەسىنىڭ يادروسى. بىراق بەزىلەر يېغىلىق يارىتىشنى چوڭلارنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى دەل يېغىلىق يارىتىش ئىڭىنىڭ بىخلىنىش ۋە يېتىلىش مەزگىلى. شۇڭا، بالىلاردىكى بۇ خىل يېغىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى بايقاش، پەرۋىش قىلىش، يېتىلدۈرۈش بالىلارنى ئىجادىيەت يولىغا باشلاشنىڭ مۇھىم ھالقىسى.

مەدىنە رەسىم سىزىشقا ئامراق. بىراق، ئۇ دائىم بەزى ئۇششاق نۇقسانلىقلار تەرىپىدىن ئازابلىنىدۇ. مەسىلەن: بەزىدە دىققەتسىزلىك سەۋەبىدىن رەڭ تېمىپ كېتىدۇ، يەنە بەزىدە قەلەمنى چىڭ تۇتمىغانلىقتىن سىزىلىپ كېتىپ قويىرۇق چىقىرىپ قويىدۇ. بىر قېتىم ئۇ كۆل مەنزىرىسىنى سىزىپ ئولتۇرغان ئىدى. يېشىل نىلۇپەر يوپۇرمىقى ئۈستىگە قەلەمنىڭ سىياھى تېمىپ كەتتى. مەدىنە ئېھتىياتسىزلىقىدىن پۇشايمان قىلىپ يىغلىدى. دەل بۇ پەيتتە ئۇنىڭ يېنىدا رەسىمگە قاراپ تۇرغان قوشنىسى ئەھسان تاغا كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەدىنە، رەسىمىڭىزگە بىر تامچە سىياھ تېمىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭغا يىغلامسىز؟ ئۇنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن تولۇقلىسىڭىز بولمىدىمۇ؟»

— قانداق تولۇقلايمەن، قايتا سىزسام بولغۇدەك؟

— ئالدىرىماڭ، تولۇقلىغىلى بولىدۇ. كۆلدە نىلۇپەر گۈلىدىن باشقا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىغا چىقىۋالىدىغان يەنە قانداق

نەرسە بار؟

مەدىنە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئېسىگە بىر نەرسە كەلدى ـ دە، قەلەمنى ئېلىپ سىياھ تۆكۈلگەن جايىنى بىر كىچىك پاقىغا ئۆزگەرتىپ سىزغان ئىدى. ئەتراپقا يىغىلغان بالىلار رەسىمنىڭ ماس كەلگەنلىكىدىن چاۋاك چېلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مەدىنەمۇ يىغىسىنى توختىتىپ كۈلدى ـ دە، قوشنىسىغا رەھمەت ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەدىنە رەسىم سىزىشقا تېخىمۇ قىزىقىپ ئىشتىياق باغلىدى.

ئاتا ـ ئانا ـــ بالىلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى. بالىلارغا دەسلەپكى تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان. مۇۋاپىق، ئەلا، ئىلمىي ئائىلە تەربىيەسى، بالىلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بالىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى.

**1. بالىنى كۆپرەك سوئال سوراشقا ئىلھاملاندۇرۇش**

بالىنىڭ غەيرىيلىك تۇيغۇسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئىلھام بېرىش بالا ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ تېخىمۇ كۆپ سوئاللارنى سوراپ بىلمىگەن نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىجادىيەت كۈچى تەرەققىي قىلىدۇ.

**2. بالىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئويلىنىشىغا ئىلھام بېرىش**

ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى ھەر خىل نەرسىلەر بالىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئويلىنىشىنىڭ مەزمۇنى بولالايدۇ. كۆپ تەرەپلىمە ئويلاش ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ تەپەككۇر تەرەققىيات يولىنى ئېچىپ، بالىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىغا شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

**3. بالىنى كۆپرەك تەبىئىي مۇھىتتا ئوينىتىش**

بەزىلەر، «تالانت ـــ ئويناشتىن كېلىپچىقىدۇ» دېيىشىدۇ.

مىسال ئۇچۇن ئېدىسون، ئاكا ـ ئۇكا رايتلارنىڭ ئايروپىلان ياسىشى ··· قاتارلىقلار. بۇ يەردىكى ئويۇن ئەلۋەتتە، قارتا ئويۇنى، ماجاڭ ئويۇنى ئەمەس. بەلكى تەبىئەت دۇنياسىغا چىقىپ، گۈل ـ گىياھلارنى، گۈزەل مەنزىرىلەرنى، تۇرلۇك قۇشلارنى، قارلىق تاغلارنى، دەريا ـ كۆللەرنى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن قىزىقارلىق، غەيرىي ھادىسىلەرنى كۆرۈشتۇر، بۇلار، باللاردا نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلارنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تۇرتكە بولىدۇ.

# 58. باللارنىڭ ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشىگە ياردەم بېرىش

غايە ــ بىر ئادەمنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇشتا ئىنتىلىدىغان ئەڭ ئالىي نىشانىدۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ تەربىيەلىنىش، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. غايە ــ بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەلۇم بىر يازغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «غايە ــ يول كۆرسەتكۈچى ماياكتۇر. غايە بولمىسا مۇستەھكەم نىشان بولمايدۇ. نىشان بولمىسا، توغرا تۇرمۇش يولى بولمايدۇ.» باللارغا توغرا نىشان بولغاندىلا، ئاندىن شۇ مۇئەييەن نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ ھەم نەتىجە يارىتالايدۇ. ناۋادا نىشان بولمىسا، ئالغا بېسىش يولىدىن ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. قاياققا مېڭىشنى بىلمىگەن ئادەمدەك بىخۇدلارچە كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

چى بەيشى ئېلىمىزدىكى مەشھۇر خەتتات ۋە رەسسام، ئالىم. ئۇنىڭ خەتتات ۋە رەسسامدە دۇنياغا تونۇلۇشى ئۇنىڭ ئانىسى جوۋشى خانىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

جوۋشى بولسا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭتەن ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. چى بەيشى يەتتە ياشقا كىرگەن يىللىرى ئانىسى ئۇنى تېجەپ يىغقان ئازغىنا پۇلى بىلەن بىر شەخسىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئۇ مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىشتىن سىرت رەسىم سىزىشقا قىزىقىدۇ. ئۇ كىتاب ئوقۇش، خەت يېزىش جەريانىدا

ئۇچراتقان مەنزىرە سۈرەتلىرىنى، كىتاب ئىچىدىكى قىستۇرما رەسىملىرىنى سىزىپ تۇپلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ۋاقىتلىرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئائىلىدىكى قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن چېكىنىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرماي «كالا مۈڭگۈزىگە كىتابنى ئېسىپ قويۇپ، دۈمبىسىدە ئۆزى ئولتۇرۇپ» ئېتىزغا بارغۇچە ـ كەلگۈچە ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەي كىتاب كۆرىدۇ ۋە رەسىم سىزىدۇ.

چى بەيشى 14 ياشقا كىرگەندە، ئېنى ئاجىز ۋە كېسەلمەن بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئانىسى ئۇنى شۇ يەردىكى گۈل ئويىدىغان ياغاچچىلىق كارخانىسىغا ھۈنەرگە بېرىدۇ. ئۇ ھۈنەر ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن يىغقان رەسىملىرىدىن پايدىلىنىپ ياغاچقا گۈل سىزىپ گۈل ئويۇپ، يېڭى - يېڭى نۇسخىلارنى يارىتىش ئارقىلىق تېزلىكتە پۈتۈن يېزىدا نام چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ياغاچچىلىق كارخانىسىدا گۈل ئويۇپ، گۈل چېكىپ ئىشلىشى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى چوڭ بۇرۇلۇش بولۇپ، كېيىنكى گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىغا كۈچلۈك ئاساس سالىدۇ. ئانىسى: «ئائىلىمىز ھەرقانچە كەمبەغەل بولسىمۇ، رەسىم سىزىشىڭنى قوللايمەن» دەپ باشقىلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر بۆلۈك رەسىم سىزىش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ. چى بەيشى 21 يېشىدا ياغاچچىلىق كارخانىسىدىن يېنىپ چىقىپ ئۆزى مۇستەقىل خەتتاتلىق، نەققاشچىلىق ۋە رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە تونۇلۇپ، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكى بىر مەشھۇر زاتقا ئايلاندۇرىدۇ. چى بەيشىنىڭ بۇ نەتىجىسى ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى جوۋشى خانىمنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە ياردىمىدىن

ئايرىلالمايدۇ.

غايە ــــ بىر خىل ئېتىقاد، ئۈمىد، ئىنتىلىش ۋە قوغلىشىش، ئادەمنى ئالغا يۈكسەلدۈرىدىغان مەنىۋى كۈچ. ئەگەر بالىلار غايە تىكلىسە، قەلبىدە ئېتىقاد ئۇچقۇنلىرى يالقۇنلاپ، دۇنيانىڭ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆز غايىسىنى تىكلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

## 1. بالىلارنىڭ غايە تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش

بالىلارنى تەربىيەلەشتىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئېچىپ ئىختىساسلىق ئادەم بولۇپ چىقىشقا يېتەكلەش، ئاندىن جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ بايلىق يارىتىش.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى غايە تىكلەشكە يېتەكلىگەندە تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ قاتلاملار بويىچە ئېلىپ بېرىش، نىشاننى يۇقىرى قىلماسلىق كېرەك. مەسىلەن: ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە بالىلار مۇئەييەن مەدەنىيەت بىلىمىنى جۇغلىغاچقا، ياخشى كۆرىدىغان ۋە قىزىقىدىغان كەسىپلىرى شەكىللەنگەن. بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ خاراكتېرىنى كۆپرەك نەزەردە تۇتۇپ، كەسىپ ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايىسىنى تۇرغۇزۇشنى كۆپرەك ئويلىشىشى لازىم.

## 2. غايىنىڭ پەرقلىق بولىدىغىنىغا كۆڭۈل بۆلۈش

بالىلارنىڭ غايە تەرەققىيات سەۋىيەسى پەرقلىنىدۇ. ئەگەر بالا ئەڭ ياخشى ئىستىقباللىق غايە تىكلىسە، ئاتا ـ ئانا ئىلھام بېرىپ، ئۇنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى، ئەگەر بالىلارنىڭ غايىسى ئىنتايىن يىراق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن

بولمىسا، بالا بىلەن كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇپ، رېئال ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان غايىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش تەرەققىياتىدىكى زىيانلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، بالىلارنىڭ رېئاللىقنى چىقىش قىلىپ غايە تىكلىشىگە، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

**3. ھېسسىي ئامىل ئارقىلىق بالىلارنىڭ غايە تىكلىشىگە ياردەم بېرىش**

ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى بالىلارنىڭ ھېسسىياتى ئۇرغۇغان، رەشىدار مەزگىلى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ بۇ خىل يۇقىرى ھېسسىياتىنى چەكلىسە بولمايدۇ. ھېسسىيات ئارقىلىق بولۇپمۇ غايە كۆزقارىشى توۋەن بالىلارنىڭ قەلب تۇيغۇسىنى ئېچىش، ئۇلارنىڭ تۇرغۇن كۆڭلىگە «تېزلىتىش ئوكۇل» نى ئۇرۇش، ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ ئۇزۇكسىز تەسىر كۆرسىتىشىدە، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن غايە تىكلىشىگە ياردەم بېرىش لازىم.

www.uyghurkitap.com

# 59. باللارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يېتىلدۈرۈش

بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن ئۆگىنىشىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۆگىنىشنى ئوبدان ئۆگەنسە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى قايسى ۋاقىتتا ئېلىپ بارسا بولۇۋېرىدۇ، دەيدۇ. بۇ بىر خىل بىر تەرەپلىمىلىك قاراش.

تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، نۇرغۇنلىغان ئىرادىلىك ئەزدەمەتلەر ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلاردىن، ئەكسىيەتچىلەردىن قوغداش يولىدا قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. نۇرغۇنلىغان ئالىملار، سەنئەتكارلار، قەھرىمانلار ۋەتەن ئىلھامى ئاساسىدا ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەپ نۇرغۇن ئىجادىيەت ۋە تۆھپىلەرنى قوشتى. پەقەت ئۆزىنىلا، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتىنىلا كۆرىدىغان ئادەملەردە ۋەتەندىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ يوق. ئۇلاردا ئۇنداق تۆھپىلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق.

باللىق دەۋرى باللارنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان مەزگىلى. ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى تۇراقسىز، مۇكەممەل ئەمەس، مۇنداق چاغلاردا ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن سۇغۇرساق، ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئېرىشىدۇ ـ دە، مەيلى ئۆگىنىش، مەيلى خىزمەت ياكى پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەتى بولسۇن بارلىقىنى ۋەتەن ئۈچۈن بېغىشلاپ، جان ـ دىلى بىلەن ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئىشلەيدۇ. باللار يېڭى دەۋرنىڭ ئىز باسارلىرى، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاۋانگارتلىرى، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە كېيىنكى

ئەۋلادلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىلار با ـ لىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى قانداق كۈچەيتىشى لازىم؟

**1. باللار ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى چۈشەنسۇن**

باللارغا بىر قىسىم كىتاب، جۇغراپىيەلىك ئوقۇشلۇق، رەسىملىك ژۇرنال، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمى قاتارلىق ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى ۋە بايلىقى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ماتېرىياللار ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتەننى ئەتراپلىق تونۇتۇش، تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەر، بۈگۈنكى قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئارقىلىق باللارغا سىستېمىلىق، ئوبرازلىق ھالدا تەربىيە بېرىش زۆرۈر.

**2. مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش**

بىر مىللەت بىلەن دىنىي ئۇقۇمنى پەرقلەندۇرمەيدىغان، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى بىلمەيدىغان باللارغا مىللەتنى تونۇتۇش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆزقارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

**3. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىش**

ئاتا ـ ئانىلار مەخسۇس ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە فىلىملىرىنى باللار بىلەن بىرلىكتە كۆرۈشى، ئۆزئارا مۇھاكىمە قىلىپ باللارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى كۈچەيتىشى لازىم.

**4. ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريالىرى، گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش**

ھازىر ھەرقايسى شەھەرلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىلىرى بار. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئائىلە بويىچە ئېكسكۇرسىيە قىلىش، شارائىتى بار ئائىلىلەر باللار بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى، مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەرنى، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزئارا تەسىراتلىرىنى سۆزلىشىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

## 60. باللارنى يالغانچىلىقتىن چەكلەپ، سەممىيەتچىلىككە ئۈندەش

تارىختىن بۇيان نۇرغۇن مەشھۇر زاتلارنىڭ ھېكمەتلىرى ۋە سەممىيلىك توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن. لۇشۈن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «سەممىيلىك ــ ئادەم بولۇش دەسمايىسى. تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئېيتقاندا، ئەگەر بىر ئادەم سەممىيلىكتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەم ئادەم بولۇش پىرىنسىپىدىن مەھرۇم قالىدۇ، خاراكتېرىنىمۇ يوقاتقان بولىدۇ.»

بىر بالا دادىسى بىلەن بىرگە بازارغا چىقىپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالماقچى بولغاندا بىر ماگىزىن ئالدىدىن ئىككى يۈەن پۇل تېپىۋاپتۇ. دادىسى ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارىي ھالدا «ساقچى تاغاڭغا تاپشۇرۇپ بېرەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئويلىمىغان يەردە بالا دادىسىغا: «ئۇلارغا بەرسەڭمۇ بەرىبىر ئىگىسىنى تاپالماي چۆنتىكىگە كىرىدۇ. نېمىشقا ئۇلارغا بەرگۈدەكمەن» دەپ پۇلنى يانچۇقىدىن چىقارماپتۇ، دادىسىمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېقىپتۇ.

بىر باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ ھەربىر ئوقۇغۇچىدىن پائالىيەتكە مەدەت بېرىش ئۈچۈن بەش پارچىدىن ماقالە يېزىشنى تەلەپ قىپتۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە پائالىيىتىدىكى ۋەقەلەرنى ئەينەن يازماي A ئوقۇغۇچىنى B دەپ يېزىپ، B ئوقۇغۇچىنىAدەپ يېزىپ ۋەقەلىكنى قالايمىقان توقۇپ چىقىرىپتۇ. بۇ ماقالىلەر مەكتەپ رادىيوسىدا ئوقۇلغاندىن

كېيىن، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈلكىسىگە قاپتۇ.

باللارنى سەمىمىيەتچىل تەربىيەلەش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سەمىمىي بالا كېيىنكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ، ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولىدۇ. شۇنداقلا، سەمىمىي باللار كېيىن نۇرغۇن دوست تۇتالايدۇ ۋە خىزمەت، تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ.

## 1. سەمىمىيلىكتە ئۈلگە بولۇش

ئاتا ـ ئانا سەمىمىي بولغاندىلا، ئاندىن باللارنى سەمىمىي قىلىپ تەربىيەلىگىلى بولىدۇ. باللارنى سەمىمىي بول دەپ قائىدىنى جىق سۆزلىگەن بىلەن ئەمەلىيەت بولمىسا بىكار، باللار ھەممىدىن بەكرەك ئەمەلىيەتنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار سەمىمىيلىكتە ئۈلگە بولۇشى لازىم.

## 2. باللارنى راستچىل بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش

باللار خاتالىق ئۆتكۈزۈپ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆز ئەينى بويىچە دوكلات قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ راست سۆزلىگەن ياكى سۆزلىمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىپ، راست سۆزلىگەن بولسا تەقدىرلەش، يالغان سۆزلىگەن بولسا تەنقىدلەپ، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا سەمىمىيلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.

## 3. باللارغا ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىش

باللار تېخى گۆدەك. ناچار مۇھىتنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، باللارنى بىر قىسىم يالغان سۆز ئارقىلىق كۈلدۈرىدىغان ئويۇن، ئېيتۇتلاردىن نېرى تۇتۇش، بىر قىسىم مەكتەپ كۆرمىگەن، ئائىلە تەربىيەسى ناچار باللار ئارىسىغا ئەۋەتمەسلىك، سەمىمىي بولمىغان مۇھىتلاردىن «نېرى قاچۇرۇش» لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارقاتقۇسى
www.uyghurkitap.com

## 61. بالىنىڭ ساداقەتمەن، ۋاپادارلىقىنى مۇستەھكەملەش

ۋاپادارلىق ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھىرى. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھېسسىي ئەخلاقىنىڭ ئىپادىسى. بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئالدىنقى ئۆلچىمى. ئادىمىيلىك ئەخلاق قارىشىنىڭ ئەڭ تۈپكى ئەكس ئېتىشى.

ۋاپادارلىقنىڭ ئىچكى مەزمۇنى «كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش». ئائىلىدىكى ۋاپادارلىق ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى، يېمەك ـ ئىچمىكى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى قاتارلىق تەرەپلەردە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئائىلە سىرتىدا چوڭ دادا ـ چوڭ ئانىلىرى، ئەجدادلىرى ۋە قان ـ قېرىنداش تۇغقانلىرى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ياشانغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ۋاپادارلىقنىڭ مەزمۇنى يالغۇز ئاتا ـ ئانىسىغا ساداقەتمەن بولۇشنىلا كۆرسەتمەستىن، يەنە ئەجدادلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق ۋەتەن ۋە مىللەتكە جاۋاب قايتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

11 ياشلىق ئىمران ئۆيدىن بىر كىلومېتىرچە يىراقلىقتا يالغۇز تۇرۇۋاتقان 78 ياشلىق مومىسىدىن دائىم خەۋەر ئالاتتى. ئۇ مەكتەپتىن يېنىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ، تاماقنى يەپ بولۇپلا، يالغۇز قالغان مومىسىغا قونۇشۇپ بېرەتتى. مەشلىرىگە

كۆمۈر سالىدىغان، ئۇنىڭ داشقاللىرىنى ئېلىپ چىقىپ تۆكىدىغان ···ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. 10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىمران تۇيۇقسىز مومىسىنىڭ باشقا ياشانغانلار بىلەن بىرلىكتە ساغلاملىق ئېكسپىيەسى ئاڭلاشقا كېتىپ بارغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ قولىدا ئەپچىل كىچىك قاتلىما ئورۇندۇق بولسا، مومىسىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان چوڭ كونا ئورۇندۇقنى قىينىلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە لام ـ جىم دېمەيلا يۈگۈرۈپ بېرىپ مومىسىنىڭ قولىدىن ئورۇندۇقنى ئېلىپ دۇمبىسىگە ئارتىپ ساغلاملىق ئېكسپىيەسى سۆزلىنىدىغان قورۇغا ئاپىرىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمران بۇ ئىشنى ئويلاپ پەقەت ئۇخلىيالمىدى ـ دە، يەكشەنبە كۈنى سەھەردە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ يېقىن ئەتراپتىكى پاختىزارلىقتىن پاختا تېرىپ 30 يۈەنگە ئىشلىدى ـ دە، دەرھال بازارغا كىرىپ بىر دانە كىچىك قاتلىما ئورۇندۇق ئېلىپ مومىسىغا بېرىدى. مومىسى ئىنتايىن تەسىرلىنىپ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆرگەنلىكى ئادەملەرگە: «مېنىڭ نەۋرەم ئىمران ۋاپادار چىقتى. بۇ مېنىڭ بەختىم، تەلىيىم!···» دەپ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ ھەممە ئادەمگە سۆزلەيدۇ. ئىمراننىڭ تەخەللۇسىمۇ شۇنىڭدىن كېيىن بارا ـ بارا «ۋاپادار ئىمران»غا ئۆزگىرىدۇ.

پېشقەدەم ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەش، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، ئائىلىسىدە ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادارلىقىنى بىلدۇرسە، كېيىن جەمئىيەتكە چىققاندا بىرگە ئىشلەۋاتقان بۇرادەرلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنداقلا، ئۆز ۋەتىنىگىمۇ ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، باللارنى يالغۇز ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغىلا ۋاپادار بولۇشقا تەربىيەلەپ قالماستىن، يەنە باشقا ياشانغانلارنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان، كىچىك

www.uyghurkitap.com

دوستلارنى ئىززەتلەيدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىشىمىز لازىم. ئۇنداقتا باللارنىڭ ۋاپادارلىقىنى قانداق يېتىلدۈرۈشى كېرەك؟

**1. باللارغا ۋاپادارلىقتا ئۈلگە بولۇش**

باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانا ئائىلىسىدە، شۇنداقلا ئەجدادلىرى ئىچىدە ۋاپادارلىقنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى لازىم. چوڭلار يىراق جايدا بولۇپ، ئادەتتە خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدىن يوقلىيالمىسا، دەم ئېلىش كۈنلىرى باللارنى ئېلىپ چوڭلاردىن ھال سوراپ كەلسە، بەزى ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يىراقنى يېقىن قىلىپ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالسا، بۇ خىل ۋاپادارلىقنىڭ ئىجابىي تەسىرى چوڭ بولىدۇ.

**2. كىچىكىدىن تارتىپ ئۇششاق ئىشلاردىن باشلاپ تەربىيەلەش**

ۋاپادارلىق تەربىيەسىدە ئۇششاق ئىشلاردىن باشلاپ قول سېلىش. مەسىلەن: يېقىنچىلىق قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىش، سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئائىلىۋى ئىشلارغا ياردەملىشىش ... قاتارلىقلار.

**3. باللارغا ئائىلىنى بېقىش ۋە باشقۇرۇشنىڭ جاپالىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش**

ھازىر بىر قىسىم باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى، پۇلنى قانداق تېپىۋاتقانلىقىنى تازا چۈشەنمەيدۇ. پەقەت ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل ئېلىشنىلا بىلىدۇ ھەمدە ياخشى يەپ، ياخشى كىيىنىشنى، نېمە دېسە، شۇنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى دەپ قارايدۇ. مۇنداق باللار قانداقمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادارلىق كۆرسەتسۇن؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار ئائىلىنى قامداشنىڭ جاپالىق جەريانلىرىنى، پۇل تېپىشنىڭ قىيىنچىلىقىنى، ئىقتىسادچىل بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئۆز تۇرمۇشىنى قەدىرلەشنىڭ

لازىملىقىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشى لازىم.

**4. باللارنىڭ ۋاپادارلىق دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش**

ئائىلىدە باللارغا نېمە ئىش قىلىش، نېمە ئىش قىلماسلىق، يەنە «بەش قىلىش، بەشنى قىلماسلىق» نى ئۆگىتىش لازىم. «بەشنى قىلىش» بولسا: ئاتا ـ ئانىنى چۈشىنىش، ئاتا ـ ئانىغا يېقىن تۇرۇش، ئاتا ـ ئانىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش؛ «بەشنى قىلماسلىق» بولسا: ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمەت ۋە ئارام ئېلىشىغا دەخلى قىلماسلىق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەسلىك، تۇمشۇق ئۇچلاپ جاۋاب قىلماسلىق، ئاسايىشلىقنى ئىگىلىۋالماسلىق، مەنمەنلىك قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

## 62. باللارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسنى كۆچەيتىش

مەسئۇلىيەت ــ ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى. ئۇلارنى ياخشى ئادەم بولسۇن دېسەك، ئۆزىگە، باشقىلارغا، ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە، دۆلەت ۋە مىللەتكە مەسئۇل بولىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش لازىم. شەخسنىڭ تەرەققىياتى، شەخسلەرنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىسى، ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتىن كېلىدۇ. شۇنداقلا، مەسئۇلىيەت يەنە ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىلەش روھى، ئىلمىي پوزىتسىيە، ئىجادىيەت، ئىقتىدارى، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنىڭ قىممەتلىك پەزىلىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئادەم مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ئايرىلىدىكەن، «مەنبەسى يوق سۇ، يىلتىزى يوق دەرەخ» كە ئوخشاپ قالىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەم پەقەت كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاساسىدا ئىشلەيدىكەن، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى پارلىتىپ نۇرىنى چاچالايدۇ. ئەكسىچە بولسا، ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش باللارنىڭ ساغلام خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، شۇنداقلا باللار روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە كاپالىتى. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش باللارنىڭ مەنمەنچىلىك ئىدىيەسىنى يېڭىپ،

بالىلارنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇنداقلا باشقىلارنى چۈشىنىش، ئەپۇ قىلىش، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى قانداق يېتىلدۈرۈش لازىم؟

**1. بالىغا بىرەر ئاددىي ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش**

بالىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىغا بىرەر ئاددىي ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق قاراتمىلىقى بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىشتە. ئاغزاكى قۇرۇق گەپكە تايىنىش ئارقىلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئەمەلىيەتتە سىناپ بېقىش ئاساسىدا، بالىنىڭ ئۆزى پۈتۈنلەي ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك «ۋەزىپە» نى بېرىش ئارقىلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش لازىم.

**2. بالىلارنىڭ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇشىدىن ساقلىنىش**

بالىلارنىڭ ئۆزى قىلغان ئىشقا ئۆزى مەسئۇل بولۇش قارىشىنى كۈچەيتىش لازىم. مەيلى قانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىسۇن، باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك، مەسىلەن: بالىلار ئۆز ئارا ئوينىۋېتىپ ئۇرۇشۇپ قالسا ياكى باشقىلارنى زەخىملەندۈرۈپ قويسا، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈم سوراشقا ئەۋەتىش، ئويۇنچۇق ئويناۋېتىپ باشقا بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقىنى بۇزۇپ قويسا، ئاتا ـ ئانا ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالماي بالىنىڭ ئۆزىگە رېمونت قىلدۇرۇشى ياكى ئەسلىي باھاسى بويىچە تۆلەتكۈزۈشى كېرەك.

**3. بالىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ باش ـ ئاخىرى بولۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش**

باللاردا قىزىقىش كۈچلۈك، سەۋرچانلىق كەم بولغانلىقتىن، ئوتتەك قىزىقىپ بىردەمدىلا سوۋۇيدىغان، ھېلى ئۇنى قىلىپ، ئاخىرىنى تۈگەتمەي باشقا ئىشقا ئاتلايدىغان ئادەت كۆپ. ئاتا ـ ئانىلار مەيلى بالىنىڭ قىلمۇاتقان ئىشى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، نازارەتنى كۈچەيتىشى، مەسىلىنى بايقىغان ھامان تۈزىتىشى، بالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەسلىكى لازىم.

**4. بالىنى مۇستەقىل ئىش قىلدۇرۇش، ئىشنىڭ جەريانىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، نەتىجىسگە ئانچە ئېسىلىۋالماسلىق**

بالا بەربىر بالا، قوللىرى ئەپچىل بولماسلىقى، پۇتلىرى چاققان ئەمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئىش قىلغاندا ئېھتىمال خاتالىقلار كۆپرەك كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ نورمال ھادىسە، شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار باللار ئىش قىلغاندا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشى، بالىنىڭ مۇكەممەل بولالماسلىقىنى كەچۈرۈشى لازىم.

# 63. بالىنى ئەمگەككە قاتناشتۇرۇپ تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىتقۇزۇش

ئەمگەك ئادەمنى ۋە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بىراق خېلى كۆپ ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ئامىلىنىڭ يېتىلىشىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەمگەك ئادىتىنىڭ يېتىلىشىگە سەل قارىماقتا. ئەمەلىيەتتە ئەمگەك بالىلار ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىق.

بالىلارنىڭ ئەمگەك جەريانى كاللا يۈگۈرتۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانى. ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇرى ئەمگەك جەريانىدا چېنىقىدۇ ۋە ئۆستۈرۈلىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا ياردەم بېرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ.

زېرەك ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش بوشلۇقىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكەتلىنىپ ئەركىن، ئازادە چوڭ بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بالىلارنىڭ ئەمگەك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاتا ـ ئانىلار مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بالىلارغا ئەمگەك تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىشتا تۆۋەندىكىدەك نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشنى تەكىتلەيدۇ:

**1. توغرا ئەمگەك قارىشىنى تۇرغۇزۇش**

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەمگەكنى، ئەمگەكچى خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئەمگەك نەتىجىسىنى قەدىرلەيدىغان گۈزەل

ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇستەھكەم ئەمگەك قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىش لازىم. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇش مىساللىرى ئارقىلىق ئەمگەكنىڭ جەمئىيەت، دۆلەت، ئائىلە ۋە شەخس ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. باللارغا ئىدىيە جەھەتتىن ئەمگەكنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇلۇغلۇقىنى، ئەمگەك سۆيمەسلىكنىڭ نومۇسلۇقىنى بىلدۈرۈشى شەرت.

## 2. ئەمگەك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

رېئال تۇرمۇشتا، بەزى باللار دائىم ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەملىشىپ، ئىقتىدارى يەتكۈدەك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشنى خالايدۇ. بىراق، قانداق قىلىشنى بىلمىگەچكە، ياردەملەشكەنسېرى جىددىيلىشىپ ئۇنى ـ بۇنى بۇزۇپ قويغانلىقتىن داۋاملىق ياردەملىشىشتىن قورقۇپ ئەمگەك قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋالىدۇ. ئەمگەك مېڭە ئىشلىتىشكە موھتاج. نېمىنى ئىشلەش، قانداق ئىشلەش، مەشغۇلات تەرتىپى، تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئەمگەك ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئەمگەك تەربىيەسىنىڭ مۇھىم تەرىپى.

## 3. تەقدىرلەش ـــ بالىنىڭ ئەمگەك ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدۇ

قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، باشقىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ بالىنىڭ پىسخىك تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بالىنىڭ ئەمگەك نەتىجىسى، مەيلى قانداق ئاددىي بولسۇن، ئاتا ـ ئانا تاپا ـ تەنە قىلماسلىقى، مەسخىرە قىلماسلىقى زۆرۈر. مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ سەۋەبىنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش لازىم.

ئەمگەك ئىنسانلار مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە مۇھىم



www.uyghurkitap.com

ۋاستىسى. بالىنىڭ تەن ساپاسى، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئەخلاق جەھەتتە مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ بولىقى، شۇڭا بالىلارنىڭ ئەمگەك قارىشىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن پايدىلىق.

www.uyghurkitap.com

# 64. ۋاقىت ــ بالىلارنىڭ بايلىقىغا ئايلانسۇن

بەزىلەر كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ بىرى ئادەم مېڭىسى، يەنە بىرى ۋاقىت دەپ قارىشىدۇ. بۇ ئىنتايىن توغرا ئېيتىلغان سۆز. مەيلى نېمە ئىش قىلماڭ، ۋاقىت توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدۇ. شۇڭا، ۋاقىت ــ ھاياتلىق تەركىبىنىڭ يادرولۇق ئامىلى. ئۆلگەن ئادەم ۋاقىت سەرپ قىلىش ھوقۇقىدىن مۇستەسنادۇر.

ۋاقىت ئاققان سۇدەك ھاياتىمىزغا ئىز سىلىپ داۋاملىشىدۇ. بىراق، كۆپلىگەن كىشىلەر ۋاقىتنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە سەل قارايدۇ. ئەلۋەتتە بىز ۋاقىتقا يۈگەن سىلىپ توختىتالمايمىز. لېكىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ھەربىرىمىزنىڭ ئىلكىدە. شۇڭا ۋاقىتنىڭ قۇلىغا ئايلانماستىن، ۋاقىتنىڭ غوجايىنى بولۇشىمىز كېرەك.

لۇشۇن مۇنداق دېگەن: «ۋاقىتتىن ھەر كۈنى ئېرىشىدىغىنىمىز 24 سائەت. بىراق بىر كۈنلۈك ۋاقىتنىڭ ئىشچانلارغا بېغىشلايدىغىنى ئەقىل ۋە كۈچ ـ قۇدرەت بولسا، ھۇرۇنلارغا قالدۇرىدىغىنى نەپرەت ۋە پۇشايماندىن ئىبارەت. شۇڭا، ھەربىر ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنى ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان، ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىدىغان، ۋاقىتنى زايە قىلماسلىقتا، ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىككە تەربىيەلىشى لازىم.»

ئېدىسون ئۆمرىدە پەقەت ئۈچ ئايلا مەكتەپتە ئوقۇغان. قالغان بىلىمنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدىن ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالغان. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ

كىچىكىدىن ئۆزىنى تەربىيەلەپ «ئىقتىدارى تۆۋەن» دەپ قارالغان ئېدىسوننىنى قاتارغا قوشۇپ دۇنياغا مەشھۇر «ئىجادىيەت پېشۋاسى» قىلىپ يېتىشتۈرگىنىگە مەنسۇپ.

«ئەڭ زور ئىسراپچىلىق ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدۇر.» ئېدىسون دائىم ياردەمچىسىگە مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ هاياتى تولىمۇ قىسقا، بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى بېجىرىشكە تېگىشلىك».

بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداقلىقى، نەتىجىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئاساسەن شۇ ئادەمنىڭ ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىشىغا باغلىق.

بالىلىق دەۋردە سەل قاراپ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلەر كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەسىگە ئۇچرايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئىختىساسلىقلاردىن بولسۇن دەيدىكەن، ھەر كۈنلۈك ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ مىنۇت ـ سېكۇنتنىمۇ زايە قىلمايدىغان قىلىپ تەربىيەلىشى لازىم.

**1. بالىلار ۋاقىتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يەتسۇن**

ۋاقىت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋاقىتنى زايا قىلغۇچى بالىلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. بالىلارغا ۋاقىتنى قەدىرلەشنىڭ ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەش ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش، مەشھۇر زاتلارنىڭ ۋاقىتنى قەدىرلەش توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەش، شۇنداقلا «ۋاقىت ـ ئالتۇندىن قىممەت ··· ۋاقىتنى ئالتۇن بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ··· » دېگەندەك ۋاقىت توغرىسىدىكى ھېكمەتلەردىن تاللاپ بالىلارنىڭ ھۇجرىسىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە ئېسىپ قويسىمۇ بولىدۇ.

**2. ئىش قىلغاندا ئىشنىڭ ئۈنۈمىگە قاراش**

بالىلار ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۈنۈمگە ئەھمىيەت

بېرىش، ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچى تولۇق ۋاقىتتا، جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلىدىغان مۇھىم ئىشنى قىلىشى، جىسمانىي كۈچى ئاجىز ۋاقىتتا، زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىدىغان ئىشنى تاللاپ قىلىش، نېرۋىسى چارچىغان ۋاقىتتا جىسمانىي ئەمگەكنى تاللاپ قىلىشى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بەدەن ھەرىكىتى بىلەن نېرۋىنىڭ ھەرىكىتى ئۆزئارا ئالمىشىپ ھەم ئارام ئالالايدۇ ھەم ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ ھەم ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلانغان ھېسابلىنىدۇ.

### 3. ئەڭ ياخشىسى ئالتۇندەك ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش — باللارنى ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش

ھەربىر ئادەمنىڭ «بىيولوگىيەلىك سائىتى»، ئۆز ۋاقتىدا رول ئويناپ تۇرغان بولىدۇ. چوڭلارغا ئوخشاش باللاردىمۇ مۇنداق ھېس ـ تۇيغۇ بار: «ئوخشاش ۋاقىتتا روھىي كەيپىيات ياخشى چاغدا، ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى؛ كەيپىياتى تۇراقسىز ۋاقىتتا ئۆگىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن؛ بىر كۈن ئىچىدە، ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇنلۇقى ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى، چۈشتىن كېيىن ۋە كۈن پېتىش ۋاقتىدا ئۆگىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. شۇنداقلا ئادەم ھاياتىنىڭ ئالتە ياشتىن 25 ياشقىچە مەزگىلى ساۋاتىنى چىقىرىپ بىلىم ئىگىلەش ۋاقتى، 25 ياشتىن 35 ياشتىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۈنۈمنى كۆرۈش ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ

### 4. ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتەك مىس ـ مىس ئىللەتنى تۈزىتىش

بىر قىسىم باللار ئورنىدىن تۇرغىچە، تائام يېگۈچە «مىسىلداپ» ۋاقىتنى زايە قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار كۈندە ئۇلارنى ئويغىتىپ، ئالدىرىتىپ مەكتەپكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى، پەقەت باللىغا: «يەنە تېزرەك بولمىساڭ دەرسكە كېچىكىسەن!» دەپ ئەسكەرتىپ

قـويايلى. ئـەگـەر ئۇ يەنـە مـىسـسـلداپ ۋاقـىـتـنى زايە قـىـلـسـىـمۇ ئەنسىرىمەيلى! مەقسەت، بالا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق دەرسكە كېچىكسە قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى تېتىپ كۆرسۇن. ئەگەر بالا ھەقىقەتەن كېچىكسە، ئوقۇتقۇچىسى چوقۇم كېچىكىش سەۋەبىنى سورايدۇ. بالا تەنقىدكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مىس- مىسلىقىنىڭ ئېلىپ كەلگەن زىيىنىنى تونۇيدۇ - دە، بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن تەبىئىيلا مىس - مىسلىقىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 65. بالىلارنى ئاددىي ـ ساددا، ئىقتىسادچىل تەربىيەلەش

ئىقتىسادچىل بولۇش ـــ بالىلار ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، قانداق ئادەم بولۇشنى بالىلىق ۋاقتىتىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش لازىم. كىچىكىدىن باشلاپ بۇزۇپ ـ چاچىدىغان ئىسراپخور ئادەمنىڭ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. ئىسراپخورلۇق ئادىتى يالغۇز كۆپرەك پۇل خەجلەش مەسىلىسىلا بولماستىن، ھالقىلىق مەسىلە ئىدىيە ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتتە پەقەت بەھرىمەن بولۇشنىلا بىلىپ، كۈرەش قىلمايدىغان، ئېلىشنىلا بىلىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغان ناچار ئىللەت. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ يېنىكرەك بولسا، يارامسىز بولىدۇ. ئېغىراق بولسا جىنايەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، بالىلارنىڭ ئىقتىسادچىل ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش لازىم.

ئىقتىسادچىل بولۇش بالىلارنىڭ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇشقا قارىتىشىغا، خىزمەت ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقىغا باغلىنىشلىق چوڭ ئىش. ئۇ بالىلارنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى، قىيىنچىلىقنى يېڭىش جاسارىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ زور بايلىقى. شۇنداقلا، ئۇ يەنە باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىشكە، باشقىلارغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىشكە ۋە ساغلام خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق.

بالىلارنىڭ ئىقتىسادچىل بولۇشىغا ئاتا ـ ئانىلار ئۈلگە

بولۇشى لازىم. ھۆرۈن، يەپ ـ ئىچىشنىلا بىلىدىغان، ئىسراپخور ئادەمنىڭ ئىقتىسادچىل، ئاددىي ـ ساددا بالىنى تەربىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، بالا نېمە دېسە شۇنى ئېلىپ بېرىدىغان، ئايىماي پۇل خەجلەيدىغانلارنىڭ بالىلىرى ئۇ نەرسىلەرنىڭ قانداق كېلىشىنى، كېلىشىنىڭ ئوڭاي ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ ـ دە ئىقتىسادچىل بولالمايدۇ. شۇڭا، ئائىلىۋى تەربىيە ئىنتايىن مۇھىم.

ئىقتىسادچىل بولۇش بىر تەرەپتىن بايلىق ياراتقان ئەمگەكچى خەلققە بولغان ھۆرمەت مەسىلىسى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى خەجلەپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغان ئاتا ـ ئانىغا بولغان ھۆرمەتتىن ئىبارەت. بالىلارنى ئىقتىسادچىل تەربىيەلەشتە ئاتا ـ ئانىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە تەكلىپتىن پايدىلانسا بولىدۇ:

**1. بالىلارغا تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولۇشنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈش**

بالىلارغا ئىقتىسادچىل بولۇش توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ۋە ئەتراپتىكى بالىلارنىڭ تېجەشلىككى توغرىسىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئىقتىسادچىل بولۇشنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر قىسمى ئىكەنلىكىنى، كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر خىل قىيىنچىلىقتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئىقتىسادچىل بولغاندىلا، ئاندىن قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

**2. بالىلارنى «يانچۇقىدىكى پۇلغا قاراپ» خەجلەشكە ئادەتلەندۈرۈش**

بالىلار شۇنى بىلىش كېرەككى، پۇل خەجلەش مۇئەييەن ئىقتىسادىي مەنبەگە ئېھتىياجلىق. ھەربىر ئادەم ۋە ئائىلىنىڭ

ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوخشىمىغاچقا، پۇل خەجلەشمۇ ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىگە باغلىق. شۇنداقلا، پۇلدار كىشىلەرمۇ تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولغىنى ياخشى.

### 3. نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاسراش ۋە ئۇنى قەدىرلەشنى بىلىش

باللارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئاسان قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە تەييار بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئىسراپ قىلغانلىق خەلقنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم. شۇنداقلا شارائىت بولسا باللارنى زاۋۇت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپالىق ئەمگەك ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىشكە قاتناشتۇرۇش ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش زۆرۈر.

### 4. باللارغا ئىستېمال قىلىشنى ئۆگىتىش

باللارغا كىچىك چېغىدىن باشلاپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋېلىش، پۇلنى قانداق خەجلەش، نەرسە ـ كېرەكلەرنى قانداق تاللاش، يانچۇقىدىكى پۇلنى قانداق ساقلاش، ئالدىن ئويلاپ ئاندىن پۇل خەجلەش ... قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆگىتىش كېرەك.

### 5. باللارنى ئاز ـ تولا زاپاس پۇل جۇغلاشقا يېتەكلەش

باللار قولىدىكى پۇلنى پىلانلىق خەجلىشى، ئاز ـ تولا زاپاس پۇل جۇغلىشى زۆرۈر. زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش، سېتىۋالسىمۇ ياكى سېتىۋالمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالماسلىق، ئاشقان پۇللارنى كېيىنكى ئېھتىياجى ئۈچۈن زاپاس ساقلاششقا ئۆگىتىش لازىم.

### 6. سىلىشتۇرما خەجلەشتىن، ئۆزئارا بەسلىشىپ خەجلەشتىن ساقلىنىش

باللارنىڭ پۇل ياكى مال ـ دۇنيا جەھەتتىكى ئۆزئارا



www.uyghurkitap.com

بەسلىشىشى بالىلاردا ئوۋئايلا ئاچ كۆزلۈكتەك ناچار ئىللەتنى پەيدا قىلىپ، ئاددىي ـ ساددا، ئىقتىسادچىل پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. بالىلارنى بولسا، ئۆگىنىشتە، ئەمگەكتە ياكى ئەخلاقتا بەسلىشىشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# 66. مەنمەنچىلىكتىن خالىي، كەمتەر بولۇش

مەنمەنچىلىك — ئۆزىگە زىيادە ئۇستۇن باھا بېرىپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بىر خىل ساغلام بولمىغان پسىخىكىلىق غەيرىي ھادىسە. مەنمەنچى بالا ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندا، ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئوڭايلا كۆڭلى سوۋۇپ قورقۇنچ پسىخىكىسى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىرادىسىنى يوقىتىپ، ساختا نام - ئاتاققا قىزىقىدۇ. ئېنىقكى، بۇ كەسىپ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشكە توسالغۇ بولىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، ئوڭايلا ئاچچىقلىنىپ باشقىلارنى بوزەك قىلغاچقا، كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتى ناچارلىشىدۇ. بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

رازىيە كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرگىدەك ئەقىللىق قىز. ئۇنىڭ دادىسى بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى، ئانىسى ئىشچىلار دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى. رازىيە ئائىلىسىدە، ئانىسىنىڭ كۆز قارىچۇقى، دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، مەكتەپتە «ئەلىيۇلئەلا»، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچى، ساۋاقداشلار ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىق بولغاچقا، «ئاق مەلىكە» دەپ نام ئالغان. ئاۋۋال ئائىلە مۇھىتى، ئانىسىنىڭ زىيادە كۆيۈنۈشى، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلارنىڭ ھۆرمىتى بىلەن يەنە تەڭرىنىڭ ئاتا قىلغان گۈزەل رۇخسارى بىرلىشىپ رازىيەدە بىر «مەنچىلىك ئادەم يوق!» دەيدىغان مەنمەنچىلىك تۇيغۇسىنىڭ تەدرىجىي يېتىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئائىلىدە ئازغىنە بىر ئىش

كۆڭۈلگە ياقمىسا، ئاچچىقلىنىدىغان، مەكتەپتە كىچىككىنە بىر نەتىجە قازانسا، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ھەتتا بەزىدە ئوقۇتقۇچىنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى سېلىشتۇرۇپ تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان، ساۋاقداشلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ناچار ئىللەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

رازىيەدىكى بۇ ئۆزگىرىش دەل مەنمەنچىلىكنىڭ ئىپادىسى. مەنمەنچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك بالىنىڭ كەيپىياتىمۇ تۇراقسىز بولىدۇ، ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئارىغا ئالمىسا روھى چۈشۈپ كېتىدۇ. بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولسا، تەكەببۇرلۇقتىن چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلىنىدۇ. مەنمەنچىلىك بالىلارنىڭ ئۆسۈشىگە ئىنتايىن زىيانلىق. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ خىل ئىللەتنى يېڭىشىگە ياردەم قىلىشى لازىم.

**1. بالىلارغا توغرا كۆيۈنۈش**

بالىلاردىكى نۇقسانلىقنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاتا ـ ئانىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەيلى باشقۇرۇش ئۇقتىدارى تۆۋەن ياكى مەنمەنچىلىكى ئېغىر بولسۇن، كۆپىنچىسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى «ئەركە» ئۆستۈرۈشىدىن كېلىپچىققان. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە توغرا كۆيۈنۈشى شەرت.

**2. بالىغا باھا بېرىش قارىشىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش**

بالىغا بېرىلىدىغان باھا ئوبيېكتىپ بولۇشى لازىم. بالىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى كۆپرەك بولىدۇ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا ئۆز بالىسىنى داڭلاشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. ماختاۋەرسە بالا ئۆزىنى بىلمىگەن ھالدا كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ئوڭايلا مەنمەنچىلىك كېلىپچىقىدۇ.

**3. بالىلارنى ئۆز ـ ئۆزىگە توغرا باھا بېرىپ ئۆزىنى توغرا تونۇشقا يېتەكلەش**

بالىدا مەنمەنچىلىك ئىدىيەسىنىڭ ئۆسۈپ قېلىشىدىكى

سەۋەب، ئاساسەن ئۆزىگە يۇقىرى باها بەرگەنلىكىدىن، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتقانلىقىدىن بولغان. باللار ئۆزىگە توغرا باها بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئارتۇقچىلىقىنىمۇ كۆرۈشى، ئەڭ مۇھىمى يېتەرسىزلىكىنىمۇ كۆرۈشى كېرەك.

## 4. باللارنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش

باللار چوڭ بولغانسېرى مۇرەككەپ، رەڭگارەڭ دۇنياغا دۇچ كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىدىنمۇ ئەلا، ياخشى، كۈچلۈك ئادەملەرگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا دېگەن قائىدىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار باللارنى ئۆيگىلا بېكىندۇرۇۋالماي، سىرتلارغا چىقىرىپ جەمئىيەتنى، تەبىئەت دۇنياسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇشى لازىم.

## 67. ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان قورقۇنچاقلىقنى يېڭىش

ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان بالىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، ھەتتا كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن ئىشەنچى قالمايدۇ. ھەرقانداق بالا مەيلى قانداق پەرقلەنمىسۇن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى باراۋەر بولىدۇ. پەقەت ئىشەنچى بولسىلا، ۋەزىيەتنى ئۆكشىۋالغىلى بولىدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش پسىخىكىسىنى يېڭىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزى ۋە باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى توغرا بىلىش لازىم.

مەدىنە ئۈچىنچى يىللىقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆگىنىش نەتىجىسى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىپادىسى ياخشى ئىدى. بىراق ئۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە ئالماشقاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ساپاسىنى سىنىپتىكى ئەڭ ياخشى ساۋاقدىشى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئۆگىنىش، مۇئامىلە، ھەرىكەت ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقىنى ھېس قىلدى. مەدىنەنىڭ روھى چۈشۈپ، بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئادالەتسىزلىكىنى خىيالىدىن چىقىرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىچىلا بىر ئادەمگە، تام بويلاپ ماڭىدىغان، قەدەملىرى ئېغىر تۇيۇلىدىغان، ھەتتا كۆپكۆك ئاسمانمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە خىرە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەملەر قاتارىدا كۆردى.

مەدىنە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش سەۋەبىدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

بالىنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش سەۋەبلىرى ئىچىدە، دەرىۋەقە نۇرغۇن تەرەپلەر ئۆگەرتىشكە بولمايدىغان ئوبيېكتىپ ئامىللار بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بالىنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئادەم ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىبارەت.

باللار بەختسىزلىكتە ياكى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا، ئۇلار تەسەللىگە ئېھتىياجلىق. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا بىرىنچى بولۇپ: «بالام! ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ» دەپ مۇرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ تەسەللى بېرىشى لازىم. باللار بىرەر خاتا ئىش قىلغاندا ياكى تەلەپنى ئورۇندىيالمىغاندا، تەن جازاسى بېرىشى ياكى ھاقارەتلەشتىن قەتئىي خالىي بولۇش لازىم. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان باللارنى يېتەكلەشتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش شەرت:

### 1. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاش

سەۋەبلىرىنى بىلگەندىلا، قاراتمىلىق تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. كۆپلىگەن باللارنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشى بەدەن ساپاسى، ئائىلە ئەھۋالى، ئۆگىنىش نەتىجىسى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا يۈزتۇرا تەربىيە بەرسە ياكى ئەقلىي كەيپىياتنى توغرىلاش ئۇسۇلى بويىچە يېتەكلىسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

### 2. ئومۇمىي تەرەپلەردىن ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىش

ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىش ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى، ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسى قاتارلىق تەرەپلىرىگە بولغان باھا بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. بالا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ساۋاقداشلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ئۆزئارا سېلىشتۇرىدۇ ـ دە، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئوبيېكتىپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئارتۇقچىلىقىغا كۆپرەك دىققەت قىلىپ

ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

### 3. بالىنى كۆپرەك ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش

بالىنى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئۆزىنى رازى قىلدۇرۇش، ھەربىر ئىشىدا كىچىككىنە ئالاھىدىلىك ياكى ئارتۇقچىلىق بولىدىكەن، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بالىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش لازىم.

### 4. مەغلۇبىيەتكە توغرا قاراشقا يېتەكلەش

بالىنىڭ ئۇتتۇرۇشسىزلىققا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۆزىگە باھا بېرىش ئومۇمىيۈزلۈك بولالمايدۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ پىسخىك ئۆزگىرىشىنى چۈشىنىپ قىيىنچىلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى يېڭىپ، ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىشى لازىم.

كۆپىنچىسى پرىنسىپسىز ئۇششاق ئىشلار. ئاتا ـ ئانا بالىلارنى ئاق كۆڭۈل، قارنى ـ كۆكسى كەڭ، ئۇششاق ئىشلارنى ئەپۇ قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيەلىشى، بالىلارنى ئۆزىنى تەربىيەلەش توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆپرەك كۆرۈشكە، ئۇرۇشقاق بالىلار بىلەن بىرگە ئوينىماسلىقا دەۋەت قىلىشى لازىم.

# 69. توغرا پۇل قارىشنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش

پۇل قارىشى پۇلغا بولغان تونۇش مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ تەقسىمات بىلەن ئىستېمال ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەپەككۇر ۋە ئەمەلىيەت ئەندىزىسىدىن ئىبارەت. ھازىر خېلى كۆپ بالىلار كىچىكىدىن باشلاپلا پۇلدىن ئىبارەت بۇ غەيرىي تاۋارنى بىلىشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىلارغا قارىتا كۆپرەك ئىجابىي تەربىيەنى كۈچەيتكەندە، بالىلار ئاندىن كەلگۈسىدە پۇلنى ئاقىلانە بىر تەرەپ قىلىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

پۇل قارىشى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرى، ئىستېمال پەيتى ۋە ئۇسۇلى، يەنە بىرى، پۇلنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پوزىتسىيەسى. ئۇنداقتا توغرا پۇل قارىشى دېگەن نېمە؟ كۆزى تويماي پۇلنى غازاڭدەك سورۇۋېتىشمۇ ياكى پۇلنى تېپىپلا خەجلىمەي، ئۇنى ساقلاپ يېتىپ بايلىقنىڭ قۇلى بولۇشمۇ؟ گەرچە بىر قىسىملار مەيلى پۇل بولسۇن - بولمىسۇن ئوخشاشلا جىنايەت سادىر قىلىشى مۇمكىن. بىراق، پۇل بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس. ھالقىلىق مەسىلە ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزى قىممەت قارىشىنى توغرا تونۇش مەسىلىسى. بولمىسا بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ كېتەلمەيدۇ.

ئائىلە بالىلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلار دورامچىلىققا مايىل بولغاچقا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، سودا - سېتىق تىجارىتىدىكى ھېساباتى، پۇل خەجلەشكە دائىر ئىشلار بالىلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر قىسىم باياشات ئائىلىلەردە بالىلار نېمە دېسە، شۇنى تەل

www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېرىدىغان، ھەتتا ئېھتىياجىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان پۇلپەرەسلىك خاھىشلىرى كۆرۈلمەكتە. مۇنداق بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قېلىپ پۇل مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلالماي، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. بالىلارنىڭ پۇلغا قارىتا تونۇشىنى توغرا يېتەكلەش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئۇسۇل بويىچە يېتەكلىسە بولىدۇ:

### 1. پۇلنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇش

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا پۇلنىڭ ئاسماندىن چۈشمەيدىغانلىقىنى ياكى دەرەختىن ئۈنۈپ چىقمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئەمگەك ئارقىلىق ئاندىن قولغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. شۇندىلا بالىلار تەدرىجىي ھالدا خىزمەتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەلەيدۇ.

### 2. پۇلنىڭ ئۆڭايلىقچە قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش

بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «پۇل تېپىش» جەريانىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئوڭايلىقچە قولغا كەلمەيدىغانلىق قائىدىسىنى بىلىشى، پۇلنى قالايمىقان ئىشلەتمەستىن، تېجەپ جايىدا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشى لازىم.

### 3. پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس

پۇل ھەممىگە قادىر بولماستىن، بەلكى ئۇ بازار سودىسىدىكى بىر خىل ۋاستە، ساپ دوستلۇقنى، شەخسنىڭ ئىقتىدارىنى، ئائىلىنىڭ بەختىنى ... شۇنداقلا يەنە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى پۇل ئارقىلىق سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

### 4. ئاتا ـ ئانىنىڭ پۇلى بالىنىڭ پۇلغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ

ئاتا ـ ئانىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تاپقان پۇلى بالىنىڭ كۆز ـ كۆز قىلىشى ۋە خەجلەپ تۈگىتىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى، تۇرمۇشى ۋە چوڭ بولۇشى ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار ياخشى نەتىجە بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى يارىتىش، ئۆزىگە تەئەللۇق ئاشۇ پۇلنىڭ قىممىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى لازىم.

### 5. بالىلارغا پۇل مۇئامىلە بىلىملىرىنى ئۆگىتىش

كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلار تېخى كىچىك، پۇل مۇئامىلىسى چوڭلارنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل خاتا قاراش، هازىرقى جەمئىيەت ــ تاۋار جەمئىيىتى، بالىلار پۇل مۇئامىلىسىدىن خالىي بولالمايدۇ. ئىقتىسادىي جەهەتتە مەسئۇلىيەتلىك ئىدىيەسى بولغان بالىنى تەربىيەلەش نۆۋەتتە هەربىر ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى مۇهىم مەسىلە. شۇڭا، بالىلاردا كىچىكىدىن، يەنى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىن باشلاپ توغرا پۇل مۇئامىلە قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# باللارنى ئىلمىي تەربىيەلەشنىڭ 69 خىل ئۇسۇلى

تەرجىمە ئاساسدا تۈزگۈچى: مۇھەممەد تۇداجى


پىلانلىغۇچى: شىرىنجان ئەيسا
مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2014 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2014 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 7.25
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-5784-8
تىرااژى: 1 — 3000
باھاسى: 18.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى : 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001